# ئزدنش

## (تاللانما)

ج ك پ مەركزي كومتېتنڭ
باشچلقدا نەشر قلندى

1

1996

# ئىزدىنىش

(تاللانما) 1996-يىل 1-سان

(ئومۇمىي 91-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئىزدىنىش»نىڭ 1995-يىللىق 22-، 23-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى


---

## مۇندەرىجە


يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى ئىدىيىۋى تەشۋىقات خىزمىتىنى تىرىشىپ ئوبدان ئىشلىشىمىز كېرەك ........................ دىڭ گۇەنگېن (2)

نۆۋەتتىكى كادىرلار تەلىم-تەربىيىسىدىكى بىرقانچە مەسىلە .............. ۋاڭ جيالىيۇ (16)

ئېلىمىزنىڭ يېزا بازارلىرى مەسىلىسى ۋە بازار سىستېمىسىنى يېتىلدۈرۈش مەسىلىسى توغرىسىدا .................................... سۇ شىڭ (28)

دېھقانلارنىڭ دارامىتىنى كۆپەيتىپ، يېزا ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرەيلى ........................................ لى جيەنجۇن (39)


★1-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★

---


نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 5-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013

مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11-2498

تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى

باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى

باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى

ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار

پارچە سېتىش ۋە ۋەكالەتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399»خەت ساندۇقى)


---

# يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى ئىدىيىۋى تەشۋىقات خىزمىتىنى تىرىشىپ ئوبدان ئىشلىشىمىز كېرەك*

دىڭ گۇەنگېن

ئىدىيىۋى تەشۋىقات خىزمىتىگە يۈكسەك ئېتىبار بېرىپ، ئىدىيىۋى تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئاممىنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ، ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش پارتىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە سىياسىي ئۈستۈنلۈكى. پارتىيىمىزنىڭ 70 نەچچە يىللىق ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىدىيىۋى تەشۋىقات خىزمىتى پارتىيىمىزنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم يولى. شۇنداقلا پۈتۈن پارتىيىنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. پارتىيىنىڭ تەرەققىي تېپىشى ۋە زورىيىشى، پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ۋە غەلىبە قىلىشى پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى تەشۋىقات خىزمىتىنى جاپاغا چىداپ، ئىنچىكە ھەم ئۈنۈملۈك ئىشلىشىدىن قىلچە ئايرىلالمايدۇ. يولداش ماۋ زېدۇڭ خېلى بۇرۇنلا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: ”ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى ئىگىلەش پۈتۈن پارتىيىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلۇغۋار سىياسىي كۈرەشنى ئېلىپ بېرىشنىڭ مەركىزىي ھالقىسى. ئەگەر بۇ ۋەزىپە ھەل قىلىنمايدىغان بولسا، پارتىيىنىڭ بارلىق سىياسىي ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداش مۇمكىن ئەمەس.“ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ يېڭى دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: ”پۈتكۈل ئىدىيىۋى سەپنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بىز بۇ مەسىلىنى جىددىي ھالدا پۈتۈن پارتىيە ئالدىغا قويۇشىمىز، مەركىزىي كومىتېتنىڭ ۋە جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتىپىگە قويۇشىمىز كېرەك.“ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويۇۋاتقان ۋاقىتتا، يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”پارتىيىمىز رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ھەرقايسى سەپلەر ئىچىدە ئىدىيىۋى تەشۋىقات سېپى ئىنتايىن مۇھىم سەپ، پارتىيىمىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلىرىدا ئىدىيىۋى تەشۋىقات خىزمىتى تارمىقى ئىنتايىن مۇھىم تارماق. پارتىيىمىزنىڭ كادىرلار قوشۇنى ئىچىدە ئىدىيىۋى تەشۋىقات خىزمىتى قوشۇنى ئىنتايىن مۇھىم كۈچ.“ ئۇ، ئىدىيىۋى تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىشكىلا بولىدۇكى،

---

* بۇ ماقالە يولداش دىڭ گۇەنگېننىڭ 1995-يىل 9-ئاينىڭ 20-كۈنى مەركەزدىكى مىنىستىر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارغا سۆزلىگەن پارتىيە دەرسىنىڭ قىسقارتىلمىسى.

ئاجىزلاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ، دەپ تەكىتلىدى.

پارتىيىمىزنىڭ ئۈچ ئەۋلاد رەھبەرلىك يادروسىنىڭ ئىدىيىۋى تەشۋىقات خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق دەل ئەمەس چوڭقۇر ھېس قىلىمىزكى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلىۋاتقان ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى راۋاجلاندۇرۇلۇۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە، ئىدىيىۋى تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش — ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىنتىپاقلىقنى، مۇقىملىقنى قوغداش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئېھتىياجى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان بولغان سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشنىڭ ئېھتىياجى، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە يۈز يىلغىچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى، شۇنداقلا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى بويلاپ ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەش، دۆلىتىمىزنى باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئېھتىياجى.

14-قۇرۇلتايدىن بۇيان، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىدىيىۋى تەشۋىقات سېپى مەركەزنىڭ ئومۇمىي خىزمىتىنىڭ روھىنى، مەركەزنىڭ ئىدىيىۋى تەشۋىقات خىزمىتى توغرىسىدىكى كۆرسەتمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى تۈپ قىبلىنامە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كىشىلەرنى ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇردى ۋە توغرا جامائەت پىكرى بىلەن يېتەكلىدى، كىشىلەرنى ئالىيجاناب روھقا ئىگە قىلدى، كىشىلەرنى ئېسىل ئەسەرلەر بىلەن رىغبەتلەندۈردى، يۈنىلىشنى ئىگىلەپ، سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ، ئېسىل ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تايانچ قوشۇن بەرپا قىلىپ، ئىنتىپاقلىق ۋە مۇقىملىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، غەيرەتكە كېلىپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، تەشۋىقات، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىپ ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تىرىشىپ خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى.

بۇ بىرقانچە يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيەتنى يەكۈنلەش ئارقىلىق شۇنى ھېس قىلدۇقكى، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى تەشۋىقات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىرقانچە مەسىلىنى ياخشى ئىگىلەش كېرەك.

**1. پۈتۈن پارتىيىنى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك**

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىنى يولغا قويغاندىن بۇيان، پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيىۋى نەزەرىيە قۇرۇلۇشى جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى شەكىللەندۈرۈشتىن ئىبارەت. پارتىيىمىز قۇرۇلۇپ دەسلەپتىلا ماركسىزم-لېنىنىزمنى تەنتەنىلىك

ھالدا ئۆز بايرىقىغا يازدى. پارتىيە 7-قۇرۇلتىيىدا يەنە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى تەنتەنىلىك ھالدا ئۆز بايرىقىغا يازدى، پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىدا بولسا دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يەنە تەنتەنىلىك ھالدا ئۆز بايرىقىغا يازدى. دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى، شۇنداقلا زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ماركسىزمى. 14-قۇرۇلتاي دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ پۈتۈن پارتىيىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىنى تىكلەپ، مۇشۇ نەزەرىيە بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ، پارتىيىنىڭ 7-قۇرۇلتىيى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ پۈتۈن پارتىيىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىنى تىكلەپ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغىنىغا ئوخشاش زور ۋە چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. ھازىر دۇنيا ۋەزىيىتىدە جىددىي ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى داۋامىدا، بۇ نەزەرىيە پۈتۈن پارتىيىنىڭ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىدىيە، سىياسىي ۋە تەشكىلىي جەھەتتىكى ئىتتىپاقلىقى ۋە بىرلىكىنى ساقلاشنىڭ مۇستەھكەم نەزەرىيىۋى ئاساسى، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي تېپىشىنىڭ كۈچلۈك مەنىۋى تۈۋرۈكى، بىزنى غەلىبىدىن غەلىبىگە يېتەكلەيدىغان تۈپ قىبلىنامە. بىز بۇ ئۇلۇغ بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە يۈز يىلغىچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرىدىغانلا بولساق، 50 مىليوندىن ئارتۇق پارتىيە ئەزاسىغا ئىگە بۇ چوڭ پارتىيىمىز تېخىمۇ كۈچلۈك جەڭگىۋارلىققا، بىر مىليارد 200 مىليون ئاھالىگە ئىگە چوڭ دۆلىتىمىز تېخىمۇ زور ئۇيۇشۇش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت بۈيۈك ئىشىمىز ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىيالايدۇ، داۋاملىق تەرەققىي قىلالايدۇ.

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ تارىخىي مۇساپىسىگە نەزەر سالغىنىمىزدا شۇنى ئېنىق كۆرەلەيمىزكى، ھەربىر ھالقىلىق پەيتتە، ھەربىر چوڭ-چوڭ مەسىلىلەردە يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرۈپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىگىلەپ، رولنى باشقۇرۇپ، يۆنىلىشنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. قالايمىقانلىقنى ئوڭشاش ئىشى ”ئىككى ئومۇمەن“نىڭ توسالغۇسىغا ئۇچرىغاندا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى تولۇق، توغرا چۈشىنىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى دېگەن چوڭ مۇھاكىمىگە رەھبەرلىك قىلىپ ۋە ئۇنى قوللاپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەننى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە راۋاجلاندۇردى، بۇنىڭ بىلەن دۆلىتىمىزنى ”سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش“تىن ”ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش“قا، بىكىنمىچىلىكتىن ئېچىۋېتىشكە، كونا قائىدە-تەرتىپلەرگە مەھكەم ئېسىلىۋېلىشتىن ھەرقايسى جەھەتلەردە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا يۈزلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە پارتىيىمىزنىڭ تارىختىكى چوڭ-چوڭ ھەق-ناھەق ئىشلارنى ئېنىقلاپ تەرتىپكە سېلىشقا رەھبەرلىك قىلىپ، ”مەدەنىيەت

زور ئىنقىلابى»نى توپتىن ئىنكار قىلدى، ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلەرنى ئاقلاپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىتتىپاقلاشتۇردى ۋە قوزغىدى. ئىدىيىنى ئازاد قىلىش ئىشى خاتا پىكىر ئېقىمىنىڭ كاشىلىسىغا دۇچ كەلگەن ۋاقىتتا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇش، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ تارىخىي ئورنىنى قەتئىي قوغداش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇرۇش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. پۈتۈن پارتىيە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ تەجرىبىلىرىنى يىغىنچاقلاپ، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات يولى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان ۋاقىتتا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتىنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز يولىمىزدا مېڭىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشىمىز كېرەك، بۇ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشتىن چىقىرىلغان ئاساسىي يەكۈن؛ دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، تۈپ ۋەزىپە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، بارلىق ئىشلاردا دەسلەپكى باسقۇچتىن ئىبارەت مۇشۇ ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىدىن چىقىش قىلىش كېرەك؛ ئىسلاھات ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلاب، سوتسىيالىزمدىمۇ بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇشقا بولىدۇ، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى دۇنيادىن ئايرىلالمايدۇ؛ مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى قوللاش، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارنى بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. پۈتۈن پارتىيە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىنى قانداق قىلىپ ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ «ئۈچ قەدەم بويىچە مېڭىش»تىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار پىلاننى لايىھىلەپ، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ستراتېگىيىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى بەلگىلىدى؛ بىلىمگە ھۆرمەت قىلىش كېرەك، ئىختىساسلىق خادىملارغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك، پەن-تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، دەپ كۆرسەتتى؛ بىر قىسىم رايونلارنىڭ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئالدىن بېيىشىغا يول قويۇش ۋە ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈش، شۇ ئارقىلىق ئورتاق بېيىشنى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. پۈتۈن پارتىيە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىدا چىڭ تۇرۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋاقىتتا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىككى مەدەنىيەتنى ياخشى ئېلىپ بارغاندىلا، ئاندىن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم بولىدۇ؛ دېموكراتىيە بولمىسا سوتسىيالىزممۇ بولمايدۇ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك؛ ئۇ يەنە: پارتىيىمىزنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتىكى كۈچلۈك يادرو قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىش يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئالدىغا قويۇلغاندا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش»، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى تىنچ يول بىلەن ئىشقا

ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىجادىي تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شياڭگاڭ، ئاۋمېن مەسىلىسىنىڭ ھەل بولۇشىغا تۈرتكە بولدى. مەملىكەت ئىچىدىكى سىياسىي ۋەقە تىنچىتىلغاندىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىنى تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ، مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ؛ بىزنىڭ ”ئۈچ قەدەم بويىچە مېڭىش“ تەرەققىيات ستراتېگىيىمىزنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، ”بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا“نى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، بەلگىلەنگەن ئاساسىي لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرگە ئاساسەن ئىشلىشى، قەتئىي تەۋرەنمەي ئىشلىشى كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپادا ئۆزگىرىش بولۇپ، دۇنيا سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئېغىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: خەلقئارا ۋەزىيەتنى ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن كۆزىتىش، سەپنى مۇقىملاشتۇرۇش، سالماقلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇش كېرەك. ئېغىر-بېسىق بولۇشىمىز، ئېغىر-بېسىق بولۇشىمىز، يەنە ئېغىر-بېسىق بولۇشىمىز، باش چۆكۈرۈپ ئەمەلىي ئىشلىشىمىز، بىرەر ئىشنى، ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويۇۋاتقان ھالقىلىق پەيتتە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرۈپ مۇھىم سۆز قىلىپ، بىزدىن ئىدىيىدە تېخىمۇ ئازاد بولۇشنى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتە تېخىمۇ دادىلراق بولۇشنى، قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلىتىشنى تەلەپ قىلدى. تەرەققىيات چىڭ قائىدە، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش كېرەك، بىرنەچچە يىلدا تىرىشىپ بىر بالداق يۇقىرى ئۆرلەش، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يۈكسەلدۈرۈش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى؛ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى ۋە ھەرقايسى جەھەتتىكى خىزمەتلەردە ھەق-ناھەق، پايدا-زىيانغا ھۆكۈم قىلىشنىڭ توپ ئۆلچىمىنى ئىلمىي، مۇپەسسەل، ئىجادىي ھالدا ئوتتۇرىغا قويدى؛ جۇڭگو ئوڭچىللىقتىن ھوشيار بولۇشى كېرەك، ئەمما ئاساسلىقى ”سول“چىللىقتىن ساقلىنىشى كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى؛ سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرمىغاندا، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىنى ئېلىپ بارمىغاندا، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرمىغاندا، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىمىغاندا، ھالاكەت يولىدىن باشقا يول قالمايدۇ، شۇڭا پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە يۈز يىلغىچە تەۋرەنمەسلىكىمىز كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش داۋامىدا باشتىن كەچۈرگەن جاپالىق ئىزدىنىشلەرنى، سوتسىيالىزمنىڭ بەزى دۆلەتلەردە ئېغىر ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغانلىقىنى ئەسلەپ، ئون نەچچە يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە نەزەر سالىدىغان بولساق، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ پارتىيىگە، دۆلەتكە، خەلققە غايەت زور تۆھپە قوشقانلىقىنى كۆرەلەيمىز، بۇ نېمە دېگەن قالتىس چوڭ تۆھپە-ھە! مانا بۇلار يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ يېڭى يولىنى ئېچىشتىكى غايەت زور سىياسىي جاسارىتىنى ۋە ماركسىزمنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئېچىشتىكى غايەت زور نەزەرىيىۋى شىجائىتىنى تولۇق ئىپادىلىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ چىكىش-مۇرەككەپ ۋەزىيەتنى تىزگىنلەش داۋامىدا يۈكسەك سىياسىي سەزگۈرلۈكنى ۋە

ئىلمىي ئاساستىكى ئالدىن كۆرەرلىكىنى نامايان قىلدى، كەسكىن تەدبىر كۆرۈش داۋامىدا ئۆزىنىڭ ئاجايىپ شىجائىتى ۋە قالتىس ئەقىل-پاراستىنى كۆرسەتتى، ئۇنىڭ ئاددىي سۆزلىرىگە چوڭقۇر ئىدىيە ۋە مۇپەسسەل پەلسەپۋى مەزمۇنلار سىڭگەن. دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىر ئىلمىي سىستېما، ئۇنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىدە غايەت زور يېتەكچىلىك رولى بار. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىزنىڭ قاتتىق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، غايەت زور جۇشقۇنلۇقى ۋە ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇشى، تەرەققىيات يولىمىزنىڭ شۇنچە ئېنىق ۋە شۇنچە داغدام بولۇشىدىكى تۈپ سەۋەب يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكى بولغانلىقىدا.

14-قۇرۇلتايدىن بۇيان، مەركىزىي كومىتېتنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇش خىزمىتىدە زور تەرەققى-ياتلار قولغا كەلدى. بۇ نەزەرىيە كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ، ھەرقايسى جەھەتتىكى خىزمەتلەرنىڭ تۈپ قىبلىنامىسى بولۇپ قالدى. ھازىر بۇ نەزەرىيىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. بىرىنچى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسىي نۇقتىئىنەزىرىنى پائال، ئەتراپلىق، توغرا چۈشە-نىش، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈش، ئەتراپلىق ئىگىلەش، بۇ نەزەرىيىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى ۋە روھىي ماھىيىتىنى تىرىشىپ ئىگىلەش كېرەك. ئىككىنچى، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش، ھاسىل قىلغان بىلىملەرنى ئەمەلدە تەتبىق قىلىش، ئەمەلىيەتكە يېتەكچى قىلىش كېرەك، بۇ نەزەرىيىنى تىرىشىپ تەتبىقلاپ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش داۋامىدىكى مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىش ۋە بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش كېرەك. ئۈچىنچى، ئۆگىنىشنى توغرا دۇنيا قاراشنى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى، قىممەت قارىشىنى تىكلەش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ھازىرقى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، توغرا دۇنيا قاراشنى تىكلەشتىكى مۇھىم نۇقتا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئېتىقادىنى چىڭىتىش؛ توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تىكلەشتىكى مۇھىم نۇقتا جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇش؛ توغرا قىممەت قارىشىنى تىكلەشتىكى مۇھىم نۇقتا جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، خالىس تۆھپە يارىتىش روھىنى جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

### 2. توغرا جامائەت پىكرى يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك

بىزنىڭ گېزىتلىرىمىز، ئاخبارات ئاگېنتلىقلىرىمىز، رادىئو، تېلېۋىزىيىلىرىمىز ھەر كۈنى جەمئىيەتنى ئۇرغۇن ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيىسى، خىزمەت ۋە تۇرمۇشى بىلەن زىچ ئالاقە قىلىپ تۇرىدۇ. جامائەت پىكرى يۆنىلىشىنى توغرىلاپ، كىشىلەرنىڭ نىيەت بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، روھىي ئۇرغۇتۇش—پارتىيىمىزنىڭ تەشۋىقات ۋە ئىدىيە خىزمىتىدىكى بىر مۇھىم ۋەزىپىسى.

توغرا جامائەت پىكرى يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن ئىدىيە،سىياسىي ۋە ھەرىكەت جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاپ، مەركەزنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەركەزنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نوپۇزىنى قوغداپ، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ روھى ۋە خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيىتىگە ئائىلىق بويسۇنۇش، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، بايرىقى روشەن ھالدا ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىنى قوللاش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشقا باشتىن-ئاخىر ئەھمىيەت بېرىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي تېپىشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

توغرا جامائەت پىكرى يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق، رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئىجابىي تەشۋىقات ئاساس قىلىنغان فاڭجېننى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم. مانا بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئاساسىي ئېقىمىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى، پارتىيىنىڭ ئالدىدا جاۋابكار بولۇش بىلەن خەلقنىڭ ئالدىدا جاۋابكار بولۇشنىڭ بىردەكلىكىدە چىڭ تۇرۇشنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى. پارتىيىنىڭ نەزەرىيىۋى لۇشيەن، فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ گۈللەپ ياشناۋاتقانلىقىدەك مەنزىرىنى تىرىشىپ ئەكس ئەتتۈرۈش، مىللىتىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ قەھرىمانانە ئىش-ئىزلىرى، ئېسىل پەزىلىتى ۋە روھىي قىياپىتىنى نۇقتىلىق ئىپادىلەش، خەلق ئاممىسىنىڭ ۋەتىنىمىزنى تېخىمۇ ياخشى گۈللەندۈرۈشكە ئىلھام بېرىش، دۇنيانىڭ جۇڭگونى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قىزغىن مۇھاكىمە نۇقتىلىرى بويىچە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە جامائەت پىكرى نازارىتى خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش كېرەك. قىزغىن مۇھاكىمە نۇقتىلىرى بويىچە يېتەكچىلىك قىلىشتا تېمىنى ياخشى تاللاش، توغرا خەۋەر قىلىش، يېتەكچىلىك مۇۋاپىق بولۇش، ئۇسۇل كۆپ خىل بولۇش، يەكۈن ئېنىق بولۇش، كىشىلەرنى رىغبەتلەندۈرىدىغان بولۇش كېرەك. جامائەت پىكرى نازارىتىدە، پارتىيىگە، خەلققە نىسبەتەن يۇكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق روھى بىلەن خەلقنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش، ئومۇمنى ئاساس قىلىش، خىزمەتنى ياخشىلاشنى، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشنى، مۇقىملىقنى قوغداشنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك.

توغرا جامائەت پىكرى يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، راست گەپ قىلىش، ھەقىقەتنى سۆزلەش، ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكا بويىچە ئىش كۆرۈش، ئۆلچەمنى ياخشى ئىگىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بىرىنچىدىن، ”ئىككى تەرەپ“نى چوڭقۇر چۈشىنىش، مەركەزنىڭ روھىنى ياخشى ئۆگىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىيەتكە تازا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاممىنىڭ ئارزۇسىنى بىلىش لازىم. ئىككىنچىدىن، پاكىتنى ئاساس قىلىپ، شەيئىلەرنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشى جەھەتتە ھەقىقىي، ئوبيېكتىپ بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بىر تۈپ دەرەخنىلا كۆرۈپ، ئورمانىنى كۆرمەسلىككە، بىر نۇقتىغىلا ئېسىلىۋېلىپ، باشقا تەرەپ بىلەن كارى بولماسلىققا بولمايدۇ. ئۈچىنچىدىن،

ئىككى ئوقتىلىق قاراشتا چىڭ تۇرۇپ، بىر تەرەپلىمىلىكتىن، مۇتلەقلەشتۇرۇۋېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. شەيئىلەرنى كۆزەتكەندە، مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلغاندا ئىجابىي تەرەپنىمۇ، سەلبىي تەرەپنىمۇ، ئاساسلىق تەرەپنىمۇ، ئىككىنچى ئورۇندىكى تەرەپنىمۇ كۆرۈش كېرەك. تۆتىنچىدىن، سىياسەتنى ئىگەللەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، پەرقلىق مۇئامىلە قىلىشقا ماھىر بولۇش كېرەك. بەزى مۇرەككەپ ئەھۋال ۋە مەسىلىلەرنى ئاددىيلا بىر تەرەپ قىلىۋەتمەي، ئېھتىياتچانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. بەشىنچىدىن، ئۇسۇلنى ياخشىلاش، سەنئەتنى تەكىتلەش، ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

**3. زور كۈچ بىلەن ئاساسىي مېلودىيىنى ئۇلغايتىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك**

ئىلگىرىلەۋاتقان دەۋردە ھامان بىر خىل روھ بولىدۇ، تەرەققىي قىلىۋاتقان جەمئىيەتتە ھامان بىر ئىجابىي ئاساسىي ئېقىم بولىدۇ. ئاساسىي مېلودىيە دەۋر روھىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ۋە تارىخ يۈزلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. دۆلىتىمىزنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، مىللىتىمىزنى روناق تاپقۇزۇش، جەمئىيەتنى راۋاج تاپقۇزۇش ئۈچۈن زور كۈچ بىلەن ئاساسىي مېلودىيىنى ئۇلغايتىپ، خەلقنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇش، ئاممىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىش، مىللەتنىڭ كۈچىنى ئۇيۇشتۇرۇش، جەمئىيەتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە سەپەرۋەر قىلىپ، سوتسىيالىس-تىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز لازىم. مانا بۇ، ئىدىيىۋى تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى.

ئاساسىي مېلودىيە دېگەن نېمە؟ يولداش جياڭ زېمىن مەملىكەتلىك ئىدىيىۋى تەشۋىقات خىزمىتى يىغىنىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”ئاساسىي مېلودىيىنى ئۇلغايتىش دېگەنلىك جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزم، سوتسىيالىزمنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولغانلىكى ئىدىيە ۋە روھنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بولغانلىكى ئىدىيە ۋە روھنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىجتىمائىي تەرەققىيات، خەلقنىڭ بەختىگە پايدىلىق بولغانلىكى ئىدىيە ۋە روھنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش، ھالال ئەمگەك بىلەن گۈزەل تۇرمۇشنى قولغا كەلتۈرۈشكە پايدىلىق بولغانلىكى ئىدىيە ۋە روھنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش دېگەنلىكتۇر.“

بۇ بىرقانچە يىلدىن بۇيان، ئىدىيىۋى تەشۋىقات سېپىدە ئاساسىي مېلودىيىنى ئۇلغايتىش، ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىش، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش جەھەتتە پائال ئىزچىلانلىق كۆرسىتىل-دى. «ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىنى ئېلىپ بېرىش پروگراممىسى» تۈزۈپ چىقىلىپ تارقىتىلدى. دۆلەت بايرىقىنى چىقىرىش، دۆلەت شېئىرىنى ئېيتىش پائالىيەتلىرى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشۋىر-لەنگەن 100 مۇنەۋۋەر فىلىم قويۇلدى. شۈي خۇگاڭ، باۋ چىفەن، جاۋ شۇفاڭ، جاڭ مىڭجى قاتارلىق ئىلغار شەخسلەر تەشۋىق قىلىندى. ”بەش بىر قۇرۇلۇش“تىن ئىبارەت مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى

www.uyghurkitap.com

تۇتۇلۇپ: بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر فىلىم، تېلېۋىزىيە تىياتىرى، تىياتىر، كىتاب، ماقالىلەر ئوتتۇرىغا چىقىرىلدى. يېڭى يىل، باھار بايرىمى، "1-ماي"، "1-ئىيۇل"، "1-ئاۋغۇست"، "1-ئۆكتەبىر" قاتارلىق بايرام كۈنلىرى مۇنەۋۋەر پروگراممىلار ئەستايىدىل ئۇيۇشتۇرۇلدى، ئاممىۋى ناخشا ئېيتىش پائالىيەتلىرى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى. ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى دوكلات ئۆمىكى، ھەققانىيەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەنلەر دوكلات ئۆمىكى، مېيىپلار ئىش-ئىزلىرىدىن دوكلات بېرىش ئۆمىكى، كەلكۈنگە قارشى تۇرۇپ خەتەردىن قۇتقۇزۇش دوكلات ئۆمىكى، ياش پەن-تېخنىكا خادىملىرى دوكلات ئۆمىكى تەشكىللىنىپ، توغرا ئىجتىمائىي كەيپىيات ئۇلغايتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىسراپچىلىق، خىزمەتكە ئېتىبارسىز قاراش، ھۆكۈمەت پۇلىغا يەپ-ئىچىش، يالغان، ساختا، ناچار مەھسۇلاتلارنى ياساش ۋە سېتىش، شۇنىڭدەك "ئۆچتە ھەمراھ بولۇش" قاتارلىق ناچار ئەھۋاللارنى تەنقىد قىلىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە ماسلىشىپ، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان چوڭ-چوڭ ئەنزە، مۇھىم ئەنزىلەرنى خەۋەر قىلىش ياخشى تۇتۇلدى.

بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ھەربىي يەڭگە خەن سۈيۈن، ياخشى كادىر كۇڭ فەنسېن ئالاھىدە تەشۋىق قىلىندى، بۇ، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۈچىنچى پەسىلدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋە دۇنيا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشى غەلىبە قىلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى گەۋدىلىك تەشۋىق قىلىندى، بۇنىڭغا خەلق ئاممىسى ئاكتىپ قاتناشتى، بۇ بىر قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك، جانلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بولدى. 4-نۆۋەتلىك دۇنيا ئاياللىرى قۇرۇلتىيىنىڭ تۈرلۈك پائالىيەتلىرى خىلمۇخىل شەكىللەر ئارقىلىق خەۋەر قىلىنىپ، جۇڭگو دۇنياغا تونۇشتۇرۇلۇپ، يىغىنغا قاتناشقان ھەرقايسى دۆلەت ۋەكىللىرىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.

ئاساسىي مېلودىيىنى ئۇلغايتىش، ئىدىيىۋى تەربىيىنى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش جەھەتتە يېقىنقى يىللاردىن بېرى خېلى كۆپ ئىشلار ئىشلەندى. لېكىن، تازا كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس. بۇ جەھەتتە تېخىمۇ زور ئىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ بىرقانچە يىللىق ئەمەلىيەتنى خۇلاسىلىغاندا، تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ:

بىرىنچى، ئاساسىي مېلودىيىنى ئۇلغايتىش، ئىدىيىۋى تەربىيىنى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋەزىپىسى ھەم تەخىرسىز ۋەزىپە، ھەم ئۇزاق مۇددەتلىك مۇشكۈل ۋەزىپە، مەملىكىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقاچقا، جەمئىيەتتە بەزى شاۋقۇن-سۇرەنلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، بۇنىڭدىكى ئاچقۇچ ئاساسىي مېلودىيىنى زور كۈچ بىلەن ئۇلغايتىشتا. ئاساسىي مېلودىيە ئېنىق ۋە كۈچلۈك بولسا، چوڭ مۇھىتتا ساغلاملىق ۋە يۈكسىلىش بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئاساسىي مېلودىيىنى ئۇلغايتىش، ئىدىيىۋى تەربىيىنى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ھەر ساھە-ھەر كەسىپ ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە چېتىلىدۇ. بۇنىڭغا پۈتۈن پارتىيە ئەھمىيەت بېرىشى، بۇ ئىشنى پۈتۈن جەمئىيەت ئورتاق ئىشلىشى كېرەك. ئىدىيىۋى تەشۋىقات خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ بۇ جەھەتتە مۇھىم مەسئۇلىيىتى بار.

ئۈچىنچى، ئاساسىي مېلودىيىنى ئۇلغايتىش، ئىدىيىۋى تەربىيىنى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم نۇقتا شۇكى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇش، كادىرلار ۋە خەلقنى تەربىيىلەش، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزم ۋە سوتسىيالىزم توغرىسىدا تەشۋىق-تەربىيە ئېلىپ بېرىش كېرەك.

تۆتىنچى، ئاساسىي مېلودىيىنى ئۇلغايتىش، ئىدىيىۋى تەربىيىنى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە قەتئىي بوشاشماسلىق، مۇھىم نۇقتىنى قۇرۇلۇشقا قارىتىش، چوقۇم ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىش كېرەك. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئېلاستىكىلىقى كۈچلۈك، ئاسانلا تەكرارلىنىش يۈز بېرىپ قالىدۇ، شۇڭا چوقۇم يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەلىپى بويىچە، "قاتتىق تۇتۇش، بىر كۈنمۇ بوشاشتۇرۇپ قويماي تۇتۇش، كونكرېت ئىشلاردىن باشلاپ تۇتۇش" لازىم.

بەشىنچى، ئاساسىي مېلودىيىنىڭ مەزمۇنى مول، تېمىسى كەڭ، ئاساسىي مېلودىيىلىك ئەسەرلەر بىر قەدەر يۇقىرى ئىدىيىۋىلىككە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى بىر قەدەر يۇقىرى بەدىئىيلىككە ۋە زوق بېرىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى خىل خاتا چۈشەنچىدىن ساقلىنىش: بىرىنچىدىن، ئاساسىي مېلودىيىنى بەك تار دائىرىدە چۈشىنىۋېلىپ، ئۇنىڭ تەلىپى بەك يۇقىرى، بۇ تەلەپكە يەتمەك تەس، يېتەلمەيمىز دەيدىغان قاراشتىن ساقلىنىش؛ ئىككىنچىدىن، ئاساسىي مېلودىيىدە ئىدىيىۋىلىكلا تەكىتلىنىدۇ، بەدىئىي ئۆلچەمنى تۆۋەنلىتىشكە بولىدۇ دەيدىغان قاراشتىن ساقلىنىش لازىم.

ئالتىنچى، ئاساسىي مېلودىيىنى ئۇلغايتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە خىلمۇخىللىقنى تەشەببۇس قىلىش، خەلق ئاممىسىنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك، كۆپ قاتلاملىق مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش لازىم. خىلمۇخىللىققا ئىگە ئەسەرلەرمۇ ساغلام، پايدىلىق بولۇشى كېرەك، خىلمۇخىل بولغاندىكىن "شاۋقۇن-سۈرەن" بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

يەتتىنچى، ئاساسىي مېلودىيىنى ئۇلغايتىشتا سەرخىل ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش لازىم. سەرخىل ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش ۋە ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مۇناسىۋەتلىك ئىش. بىرەر ياخشى كىتاب، بىرەر ياخشى ناخشا، بىرەر ياخشى فىلىم بىر ئەۋلاد كىشىلەرگە، ھەتتا بىرنەچچە ئەۋلاد، نەچچە ئون ئەۋلاد كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. نۆۋەتتە كىنو، رومان، ياش-ئۆسمۈرلەرگە دائىر ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدىن ئىبارەت "ئۈچ چوڭ مەھسۇلات"نى كۈچ سەرپ قىلىپ ياخشى تۇتۇش كېرەك.

سەككىزىنچى، ئاساسىي مېلودىيىنى ئۇلغايتىشتا، يازغۇچى-سەنئەتكارلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى، ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئۇلارنى دوست تۇتۇش، ئۇلارغا سەمىمىي مۇئامىلىدە بولۇش، دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئۇلارنى تۇرمۇشقا، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈشكە ئىلھاملاندۇرۇش، ئۇلارغا ياخشىراق خىزمەت شارائىتى يارىتىپ بېرىش لازىم. مەنىۋى مەھسۇلات ئىجادىيىتىدە ۋە ئۇنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتە بەك كۆپ ئارىلىشىۋالىدىغان ۋە ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىدىغان خاھىشلاردىن ساقلىنىشقا دىققەت قىلىش لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

توققۇزىنچى، ئاساسىي مېلودىيىنى ئۇلغايتىشتا، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. بىزنىڭ مەدەنىيەت بازارلىرىمىزدا ئاساسىي مېلودىيىلىك ئەسەرلەر يېتەكچى ئورۇننى ئىگەللىشى لازىم. زېمىنى يوق ئەسەرلەرنىڭ بولۇشىغا يول قويۇلىدۇ، ئەمما زېمىنى يوق، چاكىنا نەرسىلەرنىڭ بازارلارنى قاپلاپ، ئاساسىي مېلودىيىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىشىگە يول قويۇشقا بولمايدۇ. زىيانلىقلىرىنى قەتئىي توسۇش كېرەك.

ئاساسىي مېلودىيىنى ئۇلغايتىش، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، ئىشلىگەن بىلەن ئىشلىمىگەننىڭ پەرقى چوڭ، ئەستايىدىل ئىشلىگەن بىلەن ئادەتتىكىچە ئىشلىگەننىڭ پەرقى چوڭ. بىز چوقۇم ئېسىل مەنىۋى مەھسۇلات ۋە ساغلام مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئىستېتىك ھەۋىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز، كىشىلەرنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈشىمىز، كىشىلەردە گۈزەل قەلب يارىتىشىمىز لازىم. بۇ بىز كوممۇنىستلارنىڭ مەسئۇلىيىتى.

**4. بىر قولدا گۈللەندۈرۈشنى، يەنە بىر قولدا باشقۇرۇشنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك**

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش زۆرۈر. تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىدىمۇ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش زۆرۈر. بۇ، يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىدا يېڭى ئىلگىرىلەش-لەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزدىكى بىر مۇھىم تەجرىبە.

باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ ئىچكى تەلپى، شۇنداقلا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىغا بولغان رەھبەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ زۆرۈر كاپالىتى. ھەرقانداق دۆلەت، ھەرقانداق كەسىپ باشقۇرۇشتىن ئايرىلالمايدۇ. قائىدە-نىزام بولمىسا ھېچ ئىش ئاقمايدۇ. باشقۇرۇش بولمىسا تەرتىپ بولمايدۇ، 10 نەچچە يىلدىن بۇيان تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى خېلىلا تېز بولدى. كۆلىمى چوڭىيىپ، ئاممىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇش ئېھتىياجى قاندۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بىرمۇنچە يېڭى مەسىلىلەرمۇ كېلىپ چىقتى. ئومۇمىي سان بەك كۆپ بولۇپ كېتىپ، قۇرۇلما تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ قويدى. قوشۇننىڭ ساپاسى، باشقۇرۇش خىزمىتى ئارقىدا قالدى. كىتاب، گېزىت-ژۇرنال، كىنو-تېلېۋىزىيە فىلىمى، ئۈن-سىن لىنتىسى بازارلىرىدا ۋە ناخشىخانا، تانسىخانا ۋە كارا OK زاللىرىنىڭ بەزىلىرىدە پايدىنى دەپ ئىنساپنى ئۇنتۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار خېلىلا ئېغىر. ئەگەر بۇ ئەھۋاللار ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىلىپ، ھېلىقىدەك زىيانلىق نەرسىلەر بازارلارنى قاپلاپ كېتىپ، جەمئىيەتنى بۇلغىسا، ياش-ئۆسمۈرلەرنى زەھەرلىسە، مىللىتىمىزگە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان، كېيىنكى ئەۋلادلارغا مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان بولىمىز.

باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش دېگەنلىك سۇبيېكتىپ ئىرادىسى بويىچە ئىش كۆرۈش، خالىغاننى قىلىش دېگەنلىك بولماستىن، بەلكى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ۋە ئىلمىي باشقۇرۇش دېگەنلىكتۇر. مەملىكىتىمىزنىڭ

ئەھۋالى ۋە تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيىتى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىگە ۋە دۆلەتنىڭ قانۇن-نىزاملىرىغا رىئايە قىلغان ئاساستا ئىش كۆرۈپ، ھەم ئېھتىياجنى قاندۇرۇش، ھەم يېتەكلەشكە ئەھمىيەت بېرىش، ھەم گۈللىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھەم ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. ئىككى يىلدىن بۇيان بىز تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ماكرو جەھەتتىن باشقۇردۇق، ئاساسلىقى يېتەكچىلىك قىلىشنى، ئومۇمىي مىقدارنى، قۇرۇلمىنى، سۈپەتنى، ئۈنۈمنى تۇتتۇق، قانۇن-تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىلمىيلاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش يۆنىلىشىگە قاراپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتۇق. نۆۋەتتە داۋاملىق تۈردە ئەمەلىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان قانۇن-تۈزۈملەرنى چىڭ تۇتۇپ تۈزۈپ چىقىش، ھازىر بار بولغان قانۇن-نىزام، تۈزۈملەرنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىغا بولغان تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، قانۇن بولغانىكەن، ئۇنىڭغا چوقۇم ئەمەل قىلىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى چوقۇم سۈرۈشتۈرۈشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ساغلام گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

### 5. بازىنى ساقلاش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك

دۆلىتىمىز چوڭ دۆلەت، ئاھالىسى كۆپ، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى ئېغىر، ھەرقايسى جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلار ۋە ھەربىر رەھبىرىي كادىر بازىنى ساقلاش مەسئۇلىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. ئىدىيىۋى تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ سىياسىيلىكى، سىياسەتچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك، شۇڭا بازىنى ساقلاش مەسئۇلىيىتى تېخىمۇ مۇھىم.

بازىنى ساقلاش مەسئۇلىيىتى دېگەنلىك، ئۆزىگە ۋە خىزمەتكە ھەقىقىي مەسئۇل بولۇش، ئۆتكەلنى قاتتىق ئىگىلەش دېگەنلىكتۇر، بۇ بىرقانچە يىلدا بىز ئىدىيىۋى تەشۋىقات كادىرلىرىغا مۇنداق ئېنىق تەلەپلەرنى قويدۇق: (1) سىياسىي ئېڭى، ئومۇمىيلىق ئېڭى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئاڭلىق ھالدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بولغان بىردەكلىكنى ساقلاش، قىل دېگەننى قىلمايدىغان، قىلما دېگەننى قىلىدىغان ئەھۋاللارنى سادىر قىلماسلىق كېرەك. (2) ھەر ۋاقىت دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلاش، پاك-دىيانەتلىك بولۇش، ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا پاكلىقنى ساقلاپ خەلقنى كۆزلەش، ھوقۇقنى كەلسە-كەلمەس ئىشلەتمەسلىك، ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمچىكىگە چوغ تارتماسلىق كېرەك. (3) دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمدا چىڭ تۇرۇپ، ئۆلچەمنى ياخشى ئىگىلەش، مېتافىزىكا بىلەن شۇغۇللانماسلىق، بىر تەرەپلىمىلىك قىلماسلىق، مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتمەسلىك كېرەك. (4) ئاساسىي مېلودىيىنى جاراڭلىق ياڭرىتىش، ”شاۋقۇن-سۈرەن“ پەيدا قىلماسلىق كېرەك. (5) قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلماي، ياردەملىشىش كېرەك. (6) پايدىنى دەپ ئىنساپنى ئۇنتۇپ قالماي ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. (7) ئۆزى بىلگىنىچە ئىش قىلماي ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش كېرەك. (8) باشباشتاقلىق قىلماي، ھەركىم ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش كۆرمەي، تەڭ كۈچ چىقىرىپ، بىر-بىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرۈش

كېرەك.(9) ساختىپەزلىك، شەكىلۋازلىق قىلماي، يۈزەكى ئىش قىلماي، راست سۆزلەش، ئەمەلىي ئىش قىلىش، ئەمەلىي ئۈنۈمنى تەكىتلەش كېرەك. (10) ئەستايىدىل ئۆگىنىش، كۆپرەك پىكىر يۈرگۈزۈش، چوڭ-چوڭ ئىشلارنى تۇتۇش، چوڭ-چوڭ ئىشلارنى مۇهاكىمە قىلىش، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشكە ماهىر بولۇش، ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارغا باش چۆكۈرۈۋالماسلىق، رەسمىيەتچىلىك قىلماسلىق، كۈندە پالاقلاپ يۈرگەندەك قىلغان بىلەن ئاخىرىدا ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدىغان ئەھۋالدىن ساقلىنىش كېرەك.

بازنى ساقلاش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاچقۇچى شۇكى، سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك، كەسپكە ماهىر، ئىستىلى توغرا تەشۋىقات- ئىدىيىۋى خىزمەت قوشۇنىنى بەرپا قىلىش، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سىياسىي، كەسپىي سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. بىز رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا ياخشى ئىدىيىۋى پەزىلەت ۋە روھىي ھالەت ساپاسىنى پائال تەشەببۇس قىلىشىمىز، ئۇلاردىن راستچىل-سەممىي، مۇلايىم، قىزغىن، كەمتەر-ئېھتىياتچان، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان، سالماق، ئەقىل بىلەن ئىش قىلىدىغان، ھەم قەيسەر، ھەم مۇلايىم، نام-مەنپەئەت قوغلاشماي، خالىس تۆھپە يارىتىدىغان بولۇشنى تەلەپ قىلىشىمىز لازىم. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، رەھبىرىي كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە بولۇپ، ئاڭلىق ھالدا ئۆزىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيىۋى ئىستىل ۋە خىزمەت ئىستىلىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىغاندىلا، ئاندىن خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، ياخشى قوشۇننى بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ.

نۆۋەتتە ئىدىيىۋى تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ ۋەزىيىتى ياخشى بولۇپ، پائال تۈردە ساغلام يۈكسىلىش ھالىتى ساقلانماقتا ۋە راۋاجلانماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، بىزنىڭ خىزمىتىمىز پارتىيە ۋە خەلقنىڭ تەلىپىدىن تېخى خېلىلا يىراق، خىزمىتىمىزدە ساقلانغان مەسىلىلەر ئاز ئەمەس. ئىدىيىۋى تەشۋىقات خىزمىتىنى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچلۈك ئىدىيىۋى كاپالەت ۋە ياخشى جامائەت پىكرى مۇھىتى بىلەن تەمىن ئېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن يەنە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. ھازىرقى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى مۇستەھكەملەپ، ئاجىز ھالقىلارنى كۈچەيتىپ، خىزمەت سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك.

ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ھالقىلىق مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ. 8-بەش يىللىق پىلان بۇ يىل غەلىبىلىك ئەمەلگە ئاشىدۇ، 9-بەش يىللىق پىلان باشلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. پارتىيىمىزنى ياخشى قۇرۇپ چىقىش، دۆلىتىمىزنى ئوبدان گۈللەندۈرۈش تارىخ زامانىمىزدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ زىممىسىگە يۈكلىگەن مۇھىم ۋەزىپە. پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ ۋەزىپىسى ئېغىر، مەسئۇلىيىتى چوڭ. بىز كوممۇنىستلار خەلق ئىچىدىن كەلدۇق، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز، شۇڭا قەلبىمىز گۈزەل، كۆكسى-قارنىمىز كەڭ، روھىي دۇنيايىمىز يۈكسەك بولۇشى، ھەر ۋاقىت پارتىيىنىڭ ئىشلىرىنى ئەلا بىلىشىمىز، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ئەلا بىلىشىمىز، كوممۇنىستلارنىڭ ئىلغارلىقىنى سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا تولۇق جارى

قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. بىز چوقۇم يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، پۇختا ئىشلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك.

تەرجىمە قىلغۇچىلار: رىسالەت ئابلا
ئادالەت مۇھەممەت

مەسئۇل مۇھەررىر: مۇھەممەت ئىمىن

# نۆۋەتتىكى كادىرلار تەلىم-تەربىيىسىدىكى بىرقانچە مەسىلە

ۋاڭ جىيالىيۇ

پارتىيىمىز كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش، تەربىيىلەش خىزمىتىگە ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ كېلىۋاتىدۇ. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ ۋە كادىرلار قوشۇنىدا يېڭى كادىرلار بىلەن كونا كادىرلارنىڭ ئالمىشىشىنىڭ ئېھتىياجىغا يارىشا، مەركەز كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە تەربىيىلەش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش لازىملىقىنى كۆپ قېتىم تەكىتلىدى. پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «قارارى»دا، بىرىنچىدىن ھازىرقى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ساپاسىنى ھەر جەھەتتىن ئۆستۈرۈش، ئىككىنچىدىن مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى يېتىشتۈرۈشنى ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈشنى چىڭ تۇتۇشتىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك زور ھەم جىددىي ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. پارتىيە مەكتىپى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى ماركسىزم نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇشتىكى مۇھىم بازا بولۇش سۈپىتى بىلەن، يېڭى تارىخىي دەۋردە، كادىرلارنى بولۇپمۇ ياش زاپاس كادىرلارنى تەربىيىلەش جەھەتتە زور مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالدى.

## 1. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك

پارتىيە مەكتىپى ئاساسلىقى ماركسىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىنى ئۆگىتىدۇ، بۇ پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئەنئەنىسى شۇنداقلا ئىزچىل قوللىنىۋاتقان ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، بۇ جەھەتتە تەۋرىنىشكە بولمايدۇ. بۇنىڭغۇ ئەسلىدە ھېچقانداق يېڭى مەسىلە ئەمەس ئىدى، لېكىن پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشقا يۆتكىلىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، بەزى يولداشلارنىڭ ئىدىيىسىدە، ھازىر ئەڭ زۆرۈر بولۇۋاتقىنى كەسپىي بىلىملەر ۋە باشقۇرۇشقا ئائىت بىلىملەر ئىكەن، پارتىيە مەكتىپىنىڭ يەنىلا ماركسىزم نەزەرىيىسىنى ئاساسلىق دەرسلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇشى يېڭى

دەۋردىكى تارىخىي ۋەزىپىنىڭ تەلپىگە ئۇيغۇن كېلەمدۇ-يوق، دەيدىغان ئەندىشە پەيدا بولدى. خەلقئارادا بەزى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ قاتتىق ئۆكۈشسىزلىققا ئۇچراپ، سوتسىيالىزمنىڭ تۆرغۇن هالەتتە تۇرۇپ قېلىش ئەھۋالىمۇ بەزى يولداشلاردا ماركسىزمغا قارىتا تەۋرىنىش، ئۆگەنسە پايدىسى بولامدۇ-بولمامدۇ، ۋاقتى ئۆتتىمۇ قانداق، دېگەندەك سوئاللارنى پەيدا قىلدى. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يېڭى دەۋردە، ئۆگىنىشكە تېگىشلىك يېڭى بىلىملەر ئەلۋەتتە ناھايىتى كۆپ (بۇ جەھەتتىكى بىلىملەر ئاساسلىقى مىللىي مائارىپ سىستېمىسىدىكى تۈرلۈك مەكتەپلەر ئارقىلىق ئۆگىتىلىدۇ)، ئەمما، پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەڭ مۇھىمى ماركسىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلنى ئىگىلەشتىن ئىبارەت. شۇنداق قىلغاندا رەھبىرىي كادىرلار ئاندىن ئومۇمىي ۋەزىيەتنى تىزگىنلەپ تۇرۇش ۋە سوتسىيالىس-تىك بازار ئىگىلىكىنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى تۈپتىن ئۆستۈرەلەيدۇ، ئاندىن خەلقئارا ۋەزىيەت ئۆزگىرىپ تۇرغان ئەھۋالدا كاللىسىنى سەگەك تۇتۇپ، توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرالايدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېگەنىدى: "بەلكىم بەزى يولداشلار: بىز ھازىر قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىۋاتىمىز، شۇڭا كەسپىي بىلىملەرنى ۋە باشقۇرۇشقا ئائىت بىلىملەرنى ئۆگىنىش ھەممىدىن زۆرۈر، ماركسىزم نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنىڭ نېمە ئەمەلىي ئەھمىيىتى بولسۇن؟ دېيىشى مۇمكىن. يولداشلار، بۇ خاتا چۈشەنچە. ماركسىزم نەزەرىيىسى ئەزەلدىن دوگما بولماستىن، ھەرىكەتنىڭ قىبلىنامىسى بولۇپ كەلدى، ماركسىزم شۇنى تەلەپ قىلىدۇكى، كىشىلەر ئۇنىڭ تۈپ قائىدىسى ۋە ئاساسىي ئۇسۇلىنى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئەمەلىيەتكە ئۆزلۈكسىز بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن يېڭى مەسىلىلەرگە جاۋاب تېپىشى، شۇنىڭ بىلەن ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى لازىم." («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 3-توم، 299-بەت) يولداش دېڭ شياۋپىڭ-نىڭ بۇ مۇھىم پىكىرلىرىدە كادىرلارنىڭ ماركسىزملىق نەزەرىيىۋى تەربىيىلىنىش نىشانى تېخىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلدى، شۇنداقلا پارتىيە مەكتىپىنىڭ ماركسىزملىق ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى جەھەتتىكى ۋەزىپىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ماركسىزم نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشتە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئاساسىي مەزمۇن قىلىندى. بۇنى پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىدىكى بىر بۆسۈش نۇقتىسى دېيىشكە بولىدۇ. خەلقئارا ۋەزىيەت ھەدەپ ئۆزگىرىۋاتقان، دۆلەت ئىچىدە ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىۋاتقان، ئىجتىمائىي تۇرمۇش چوڭقۇر ئۆزگىرىش ياساۋاتقان، يېڭى شەيئى، يېڭى زىددىيەتلەر ئۈزۈلمەي پەيدا بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، كادىرلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشتە يېڭى ئەمەلىيەتكە تېخىمۇ زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ھازىرقى جۇڭگو دۇچ كېلىۋاتقان يېڭى مەسىلىلەرگە جاۋاب تېپىشى تەلەپ قىلىنىدۇ، كادىرلارنى ھازىرقى زامان ماركسىزمى بىلەن قوراللاندۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى ۋە زۆرۈرلۈكى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولۇپ قالدى، بۇنىڭ ئۇچۇن دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى

ئۆگىنىشنى ئالاھىدە ئورۇنغا قويۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا زۆرۈر بولغان يېڭى بىلىملەرنى، مەسىلەن زامانىۋى پەن-تېخنىكا، زامانىۋى ئىگىلىك باشقۇرۇش، دۇنيا ئىقتىسادى، پۇل مۇئامىلىسى، قانۇن، ھازىرقى زامان ئەدەبىيات-سەنئەت پىكىر ئېقىمى قاتارلىق ساھەلەردىكى بىلىملەرنى ئۆگىنىش كېرەك. مۇشۇ ئاساستا "بىرنى مەركەز قىلىش، تۆتنى بىرلەشتۈرۈش" فاڭجېنى، يەنى دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى مەركەز قىلىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە ئائىت ئاساسىي نەزەرىيە ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا زۆرۈر بولغان بىلىملەرنى ئۆگىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى پارتىيىۋىلىكنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، يېڭى ئوقۇتۇش سىستېمىسى تەدرىجىي بەرپا قىلىنىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، يېڭىچە ئوقۇتۇش ۋەزىيىتى شەكىللەندۈرۈلدى.

«دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومى نەشر قىلىنغاندىن بۇيان، كادىرلارنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار ئاساسىي جەھەتتىن بىر قېتىم تەربىيىلىنىپ چىقتى، ھازىرقى مەسىلە قانداق قىلىپ ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش. مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئالدىنقى بىر مەزگىلدىكى كادىرلارنى تەربىيىلەش تەجرىبىسىگە ئاساسلانغاندا، ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتىن تۇتۇش قىلىش لازىم:

**(1) ئەسلى ئەسەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش كېرەك.** يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەسەرلىرىنى سىستېمىلىق ئوقۇپ، مەزمۇنىنىڭ تېگىگە يېتىش، روھىي ماھىيىتىنى چۈشىنىش كېرەك. خەت مەنىسىگە قاراپ چۈشىنىۋېلىشقا ياكى ئۇ يەر-بۇ يەردىن ئۈزۈۋېلىپ ئۆز ئېھتىياجى بويىچە چۈشىنىۋېلىشقا بولمايدۇ. دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتىنى تونۇپ يېتىش ۋە چۈشىنىش ئۈچۈن، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگەنگەندىن باشقا، ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرىدىنمۇ نۇقتىلىق ھالدا تاللاپ ئۆگىنىش كېرەك. چۈنكى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىدىيىسى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ھەم ئۇنى ئالغا سۈرگەن. مۇشۇ ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆگەنگەندە، ئاندىن ئوبدانراق ئۆگەنگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇش كاپىتالىزمدىن دېرەك بەرمەيدۇ، سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرمۇ بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويسا بولىدۇ، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى، مانا بۇ سوتسىيالىستىك ئەنئەنىۋى ئىقتىسادىي قاراش جەھەتتىكى زور بۆسۈش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان بۇ يېڭى ئىدىيىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ماركسىزم سىياسىي ئىقتىسادىنىڭ ئاساسىي قائىدىسىنى ئۆگىنىشكە، تاۋار ئىگىلىكى، قىممەت قانۇنىيىتى، قوشۇمچە قىممەت تەلىماتى قاتارلىقلارنى ئۆزلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

**(2) جەۋھەرنى ئۆزلەشتۈرۈش، باش تېمىنى تۇتۇش، سىستېمىنى ئىگىلەش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك.** يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىكى زور بىر تۆھپىسى ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەننى قايتىدىن بېكىتىپ ۋە يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، بىز ئۈچۈن سوتسىيالىستىك تەرەققىيات يولىدىكى ئېزىتقۇ تۇمانلارنى يېرىپ تاشلاپ نىشان كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىدە. يېڭى دەۋردىكى ئىدىيىدە ئازاد بولۇش ئەڭ ئاساسلىقى "سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك" دېگەن مۇشۇ توپ مەسىلىنى چۆرىدىگەن ئاساستا ئېلىپ بېرىلغان. يولداش دېڭ شياۋپىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا سوتسىيالىزم بېسىپ ئۆتكەن مۇشكۇل ۋە ئەگرى-توقاي جەريانلىرىنى شۇنداقلا تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان "سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك" دېگەن بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ ۋە يەكۈن چىقىرىپ، سوتسىيالىزمغا بولغان تونۇشنى تەدرىجىي چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، "سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك" دېگەن بۇ ئەڭ مۇھىم مەسىلىگە ئىلمىي ۋە سىستېمىلىق ھالدا جاۋاب بەردى. بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشتە، مۇھىمى "سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك" دېگەن باش تېمىنى چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك. يولداش جياڭ زېمىن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگەنگەندە ئۇنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى ئۆزلەشتۈرۈش لازىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلە-دى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما تەھرىرلىنىۋاتقان ۋاقىتتىلا: مەن مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئومۇمىيلىقنى كۆزدە تۇتۇپ سۆزلىدىم، دېگەنىدى. "ئومۇمىيلىقنى كۆزدە تۇتۇپ سۆزلەش" دېگەنلىك چوڭ-چوڭ توپ مەسىلىلەرنى، ستراتېگىيىلىك مەسىلىلەرنى سۆزلەش دېگەنلىكتۇر. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگەنگەندە يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئەسەرلىرىدىكى بىر قاتار ئاساسلىق كۆز قاراشلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئىچكى باغلىنىشىنى جەزمەن ئايدىڭلاشتۇرۇپ، نەزەرىيىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئىگىلەش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا قارىغۇلۇقتىن، بىر تەرەپلىمىلىكتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

**(3) نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك.** ئۆگىنىشتىكى مەقسەت ئىشلىتىشتە. بىز ئىسلاھات جەريانىدا تۈرلۈك يېڭى مەسىلىلەرگە، گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىمىز، قانداق قىلىپ بۇ مەسىلىلەرنى نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرگەن ئاساستا ھەل قىلىش، نۆۋەتتە ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى ناھايىتى مۇھىم تەرەپتۇر. نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈشنىڭ قاراتمىلىقى بولۇشى، رېئال مەسىلىلەردىن، ئىدىيىۋى مەسىلىلەردىن ئۆزىمىزنى قاچۇرماسلىقىمىز لازىم. نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش فاكتېرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا، مۇھاكىمىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بىرقانچە چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرنى تاللاپ، ئىخلاس

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بلەن تەشكىللەپ مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش كېرەك.

## 2. پارتىيىۋىلىكنى كۈچەيتىپ، مۇستەھكەم بولغان ماركسىزملىق دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تۇرغۇزۇش كېرەك

پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشنى كۈچەيتىش پارتىيە مەكتىپى مائارىپىدىكى مۇھىم بىر تەرەپ ھېسابلىنىدۇ. پارتىيىۋىلىك تەربىيىسىنىڭ تۈپ تەلىپى دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى مەسىلىسىنى، يەنى غايە، ئېتىقاد، قىممەت قارىشى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت. ئومۇمەن ئېيتقاندا، پارتىيە مەكتىپىنىڭ كۇرسانتلىرىدا مەكتەپكە كېلىشتىن بۇرۇن نەزەرىيە ئۆگىنىش، بىلىم ئېلىش جەھەتتە تەييارلىق بولىدۇ. ئەمما پارتىيىۋىلىك تەربىيىسىگە نىسبەتەن ئىدىيىۋى تەييارلىقى كەمچىل بولىدۇ، بىرمۇنچە كىشىلەر ئۇنىڭ ھېچقانچە ئەھمىيىتى يوق، كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى تەشكىل تاللاپ ئەۋەتكەن رەھبىرىي كادىر تۇرسا، پارتىيىۋىلىك جەھەتتە قانچىلىك مەسىلە بولاتتى؟ دەپ قارايدۇ، يەنە بەزى يولداشلار، پارتىيىۋىلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش ”سول“چىللىق قىلغانلىق، دۇنيا قاراشنى ئۆزگەرتىشنى ئوتتۇرىغا قويۇشمۇ ”سول“چىللىق، دەپ ھېسابلايدۇ. مۇستەھكەم بولغان ماركسىزملىق دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تۇرغۇزۇش مەسىلىسى ھەربىر پارتىيە ئەزاسى ئۈچۈن، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار ئۈچۈن ھەل قىلماي بولمايدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىسقا مۇددەتتە ھەل قىلىپ بولغىلى بولمايدىغان مەسىلىدۇر. بەزىلەر ئۆمۈر بويى ئىنقىلابىي قوشۇندا تۇرسىمۇ ئۇنى ھەل قىلالمىغان، بەزىلەرنىڭ شارائىت ئۆزگەرگەن ۋاقىتتا دۇنيا قارىشىدىمۇ ئۆزگىرىش بولىدۇ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىمۇ خاتالىق سادىر قىلىدۇ. ئىسلاھات- ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىنىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە، بۇ مەسىلە ئالاھىدە دىققەت-ئېتىبار بىلەن قاراشقا ئەرزىيدۇ. ئادەم نېمە ئۈچۈن ياشايدۇ؟ قانداق قىلغاندا كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ قىممىتى بولىدۇ؟ سوتسىيالىزم، كوممۇنىزمنى غايە قىلىدىمۇ-يوق؟ پارتىيىگە كىرىشتىن مەقسەت دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇپ، خەلقنى بەخت-سائادەتلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈشمۇ ياكى نام-ئەمەلنى ئۆستۈرۈپ ئۆز يېنىنى توملاشمۇ؟ دېگەن مەسىلىلەر ھەربىر پارتىيىلىك كادىرغا نىسبەتەن ئەڭ مۇھىم مەسىلىدۇر.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماركسىزملىق غايە، ئېتىقادنىڭ مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى. ئۇ 1985-يىلى پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدا مۇنداق دېگەنىدى: ”ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزنى يالغۇز ماددىي شارائىتقا تايىنىش بىلەنلا غەلىبىگە ئېرىشتۈرگىلى بولمايدۇ. بىز ماركسىزمغا ۋە كوممۇنىزمغا ئېتىقاد قىلغانلىقىمىز ئۈچۈنلا، پارتىيىمىز ئۆتمۈشتە ئۆزىنىڭ

ھەرقانچە ئاجىز ئىكەنلىكگە ۋە نى-نى قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەنلىكگە قارىماي، كۈچلۈك جەڭگىۋارلىقنى ساقلاپ قېلىشقا مۇۋەپپەق بولغانىدى. ئورتاق غايە بولغاندا، پولاتتەك ئىنتىزاممۇ بولىدۇ. بىزنىڭ ئۆتمۈشتىكى ھەقىقىي ئارتۇقچىلىقىمىز شۇ ئىدى. ھازىرقى، كەلگۈسىدىكى ئارتۇقچىلىقىمىزمۇ شۇ بولىدۇ.» («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 3-توم، 292 — 293-بەتلەر) ھازىر سوتسىيالىستىك غايە، سوتسىيالىستىك ئېتىقاد جەمئىيەتتە بەنلا بىتەكچى ئورۇندا تۇرۇۋاتىدۇ. ئەمما سوسلىشىپ كېتىش خاھىشى ھەقىقەتەن كۆرۈلدى، ھەتتا پارتىيىنىڭ كادىرلار قوشۇنىدىمۇ بەزىلەرنىڭ ئىدىيىسىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا سوتسىيالىزم ئىشلىرىدىن گاڭگىراش ۋە ئۇنىڭدىن تەۋرىنىش پەيدا بولدى. بۇنىڭ سەۋەبى كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇپ، ئىلگىرى سوتسىيالىزمغا بولغان خاتا چۈشەنچىلەرنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن بەزىلەر سوتسىيالىزمغا بولغان ئېتىقادىدىن تەۋرىنىپ قالغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشى، شەرقىي ياۋروپادا جىددىي ئۆزگىرىش بولۇشى سەۋەبلىك سوتسىيالىزم ئىشلىرى تۆرغۇن ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، سوتسىيالىزمغا بولغان ئېتىقاد، ئىشەنچ جەھەتتە مەسىلە كۆرۈلۈشتىن ساقلانماق تەس. بەنە بازار ئىگىلىكىنىڭ سەلبىي ئۇنۇم بېرىشى ئارقىسىدا جەمئىيەتتە ناھەقچىلىك، چىرىكلىك ھادىسىلىرى شۇنىڭدەك ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنىڭ بوشاشتۇرۇپ قويۇلۇشى، غەربنىڭ سىياسىي قارشى، قىممەت قارىشىنىڭ سىڭىپ كىرىشى، فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتۇر سىنىپىنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈپ قېلىشى قاتارلىق ھادىسىلەر كېلىپ چىقتى، بەزىلەر بۇ ھادىسىلەرنى چۈشەنمىگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك ئېتىقادىغا تەسىر كۆرسەتتى. بۇنىڭ تۈگۈنى مۇنداق ئىككى مەسىلە: بىرىنچى، سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت بۇ يولدا مېڭىشقا بولامدۇ-يوق؟ ئىككىنچى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى زادى ئەسقاتامدۇ-ئەسقاتامدۇ؟ بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ماركسىزم پرىنسىپلىرى بىلەن بولۇپمۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن كادىرلارنى قوراللاندۇرۇش كېرەك. نەزەرىيە جەھەتتە مۇستەھكەم بولغاندىلا، سىياسىي ئېتىقادنى ئاندىن ھەقىقىي مۇستەھكەملىگىلى بولىدۇ، ئاندىن ھالقىلىق پەيتتە كاللىنى سەگەك تۇتۇپ، بوران-چاپقۇننىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بەرگىلى بولىدۇ.

شۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، مۇشۇ يىللاردىن بۇيان قىممەت قارىشى بەزى كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆزگەردى، يەنى شەخسلەرنى مەركەز قىلىدىغان تەرەپكە قاراپ ئاغدى. شەخسىي مەنپەئەت بىلەن شەخسنى مەركەز قىلىش ئىككى ئۇقۇم. ئىلگىرى بىز بۇ مەسىلىدە "سول"چىللىق سەۋەنلىكىنىمۇ سادىر قىلغانىدۇق، بۇ سەۋەبلىك ئاساسلىقى شەخسلەرنىڭ نورمال مەنپەئىتىگە سەل قاراشتا كۆرۈلگەنىدى. لېكىن شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، رېئال تۇرمۇشتا پۇلپەرەسلىك بىلەن خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك كۆز قارىشىنىڭ خېلى چوڭ بازىرى بار، بۇنداق ئەھۋالنىڭ پارتىيە ئىچىگە ۋە پارتىيە كادىرلىرىغا تەسىر كۆرسەتمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. قىممەت قارىشى، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئۆزى ئۈچۈنمۇ ياكى جەمئىيەت ئۈچۈنمۇ، دېگەن مەسىلىدىن ئىبارەت. بىز شەخسىي مەنپەئەتنى، كىشىلىك قىممەتنى ئەزەلدىن

ئىنكار قىلغىنىمىز يوق. سوتسىيالىزم شارائىتىدا شەخسىي مەنپەئەت، كوللېكتىپ مەنپەئەت ۋە دۆلەت مەنپەئەتىگە ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا تەڭ ئېتىبار بېرىشكە بولىدۇ ھەم شۇنداق قىلىش كېرەك، لېكىن شەخسىي مەنپەئەتنى جەزمەن دۆلەت مەنپەئەتىگە، قىسمەن مەنپەئەتنى ئومۇمىي مەنپەئەتكە بويسۇندۇرۇش كېرەك. پارتىيە ئەزالىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ شەخسىي غايىسى، ئارزۇسى ۋە ئىنتىلىشى جەزمەن پارتىيىنىڭ ئېھتىياجى، خەلقنىڭ مەنپەئەتى بىلەن بىردەك بولۇشى كېرەك. ھازىر: ”ھەممەيلەن ئۆزىنى كۆزلىسە، ئەمەلىيەتتە كۆپچىلىكنى كۆزلىگەنلىك بولىدۇ“ دەيدىغان گەپ چىقتى. بۇ، كوللېكتىۋىزملىق بىلەن شەخسىيەتچىلىكنىڭ چەك-چېگرىسىنى مۇجمەللەشتۈرۈپ، شەخسلەرنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغانلىق، ئىجتىمائىي قىممەتنى كىشىلىك قىممەت ئۈستىگە يۆلەپ قويغانلىق. ئۆزىنى مەركەز قىلىپ، شەخسىي مەنپەئەتنىلا تەكىتلەش، كوللېكتىپ، دۆلەت مەنپەئەتىنى تەكىتلىمەسلىك، ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىغىلا ئېتىبار بېرىپ، باشقىلارنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئېتىبار بەرمەسلىك، ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكىنىلا كېرەك قىلىپ، تەشكىلىي ئىنتىزامنى كېرەك قىلماسلىق—ئەمەلىيەتتە ئاقمايدۇ. تەرەققىي قىلىۋېرىدىغان بولسا، بۇنداق ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىك بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدا جەزمەن كەسكىن زىددىيەت كېلىپ چىقىدۇ.

جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش پارتىيىمىزنىڭ تۈپ مەقسىتى. پارتىيىمىزنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىدىن باشقا، ئۆزىنىڭ ھېچقانداق ئالاھىدە مەنپەئەتى يوق. پارتىيىگە كىرىشمۇ، كادىر بولۇشمۇ ئۆزىگە ئالاھىدە ئەمەلىي نەپ كۆزلەش ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەش ئۈچۈندۇر. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، مۇشۇ يىللاردىن بۇيان بىر قىسىم كادىرلاردا جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئېڭى سۇسلىشىپ قالدى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىش ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئازاد قىلىنىشىنى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك تۈردە ئىلگىرى سۈردى، بۇنىڭ بىلەن خەلق بارغانسېرى كۆپ ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتى، مانا بۇ دەل كوممۇنىستلارنىڭ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت تۈپ مەقسىتى ۋە كۈرەش نىشانىنىڭ گەۋدىلەندۈرۈلۈشى. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش بىلەن كومپارتىيىنىڭ تۈپ مەقسىتى، كوممۇنىستلارنىڭ پارتىيىۋىلىك پرىنسىپى تۈپ-نېگىزىدىن ئالغاندا بىردەك. بىراق بىكىنمىچىلىكتىن ئېچىۋېتىشكە، پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۆتۈۋاتقان مۇشۇنداق بىر جەرياندا پاسسىپلىق، چىرىكلىك ھادىسىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئىمكان بېرىدىغان بوشلۇق ۋە كاۋاكلارنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشى مۇقەررەر، غەربنىڭ قىممەت قارىشى ۋە چىرىك تۇرمۇش ئۇسۇلىمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى ۋە پارتىيىنىڭ تېنىنى چىرىتىدۇ. پارتىيىمىز ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە، پارتىيە كادىرلىرىنىڭ قولىدا چوڭ-كىچىك ھوقۇقلار بار، ھوقۇق خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يولىدا ئىشلىتىلمەستىن، بەلكى شەخسلەرنىڭ ياكى كىچىك گۇرۇھلارنىڭ

مەنپەئەتىنى كۆزلەش يولىدا ئىشلىتىلىدىغان بولسا، ئىنتايىن خەتەرلىك. پارتىيە ئىچىدىكى نۇرغۇن يولداشلار، بولۇپمۇ پىشقەدەم يولداشلار بەكمۇ ئەندىشە قىلماقتا، ئۇلار نېمىدىن ئەندىشە قىلىدۇ؟ پارتىيىمىزنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى توغرا، بۇ نۇقتا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان قولغا كەلتۈرۈلگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر تەرىپىدىن ئىسپاتلاندى. ئۇلار، چىرىكلىك مەسىلىسى ھەل قىلىنمىسا پارتىيىنىڭ تېنى چىرىتىشكە ئۇچرارمىكىن، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا پۇلپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىك، چىرىك تۇرمۇش ئۇسۇلى يامراپ كېتىپ، سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەت تىنچ-ئامان بولۇشىغا تەسىر يېتىپ قالارمىكىن، دەپ ئەندىشە قىلىدۇ. بۇنداق ئەندىشە قىلىشنىڭ مۇئەييەن داۋلىسى بار، غەم ئېگى دېگىنىمىزمۇ دەل مۇشۇ. يېڭى ۋەزىيەتتە پارتىيە ئەزالىرى، بولۇپمۇ پارتىيە كادىرلىرى جەزمەن مۇستەھكەم ماركسىزملىق دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى تۇرغۇزۇپ، چىرىتىشكە قارشى تۇرۇش ۋە ئاينىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ بېرىشى كېرەك، بولمىسا بۇرژۇئازىيىنىڭ چىرىك ئىدىيىسى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلىنىشى مۇمكىن. يېقىندا پاش قىلىنغان پاكىتلاردىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، بىر قىسىم كادىرلار، بەزىلىرى تېخى يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار ھوقۇق، مەرتىۋە، پۇل ۋە نازىنىنلارنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي موللاق ئېتىپ، پارتىيىنىڭ ئابرۇيىغا ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتكۈزدى، شۇنداقلا ئۆزىنىمۇ نابۇت قىلدى. ۋاڭ باۋسېنغا ئوخشاش مۇناپىقلار ئىنتايىن ئاز ساندا بولسىمۇ، لېكىن ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمۈچىگە چوغ تارتىدىغان، ئومۇمغا زىيان سېلىش ھېسابىغا ئۆزىنى سەمرىتىدىغان، پۇلنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدىغان، راھەت-پاراغەتكە بېرىلىدىغان ئىدىيە ۋە قىلمىشلار بىر قىسىم كادىرلار ئارىسىدا سەل قاراشقا بولمايدىغان تەسىرلەرنى پەيدا قىلماقتا. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىنى كۈچەيتىش، سىياسىي ئېتىقادىنى چىڭىتىش ۋە ئەخلاقى-پەزىلىتىنى ئۆستۈرۈش—چىرىتىشكە قارشى تۇرۇپ، ئاينىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنى ئۇزاق مۇددەت تىنچ-ئامان بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنىڭ تۈپ كاپالىتى. بەزىلەر: ئىدىيىۋى ئەخلاق تەربىيىسى كارغا كەلمەيدۇ، قايسى چىرىك ئۇنسۇرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولسۇن، دېيىشىدۇ. دەرۋەقە، ۋاڭ باۋسېنغا ئوخشاش چىرىكلىكتە ئۇچىغا چىققان، پۈتۈنلەي ئاينىپ كەتكەن كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىدىيىۋى ئەخلاق چەكلىمىسى كارغا كەلمەيدۇ، ئۇلارنى قانۇن بويىچە جازالاش كېرەك. لېكىن مۇتلەق كۆپ ساندىكى پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇھىمى، ئالدىنئالا تەدبىر كۆرۈپ قويۇش، تەربىيىلەشكە ۋە پەخەس بولۇشقا ئېتىبار بېرىش كېرەك، كۆپ ساندىكى كادىرلارنىڭ ئۆزىنى پاك تۇتالايدىغانلىقىغا ئىشىنىش كېرەك. تەربىيە بېرىشلا كۇپايە قىلمايدۇ، ئەلۋەتتە، يەنە تۈزۈم چەكلىمىسىمۇ، نازارەتمۇ بولۇش كېرەك. قانۇنغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغان ئۇنسۇرلارنى قانۇن ۋاسىتىسى بىلەن جازالاش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 3. ياش كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە تەربىيىلەش نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىپە

پارتىيىمىز ياش كادىرلارنى يېتىشتۈرۈشكە، پارتىيە مەكتەپلىرىنىڭ ياش كادىرلارنى تەربىيىلەشتىكى رولىغا ئەزەلدىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە، زور تۈركۈم ۋەتەنپەرۋەر ياشلار يەنئەنگە باردى، يولداش ماۋ زېدۇڭ پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىقىنى بىۋاسىتە ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، پارتىيە مەكتىپىگە توغرا تەلىم-تەربىيە فاڭجېنىنى بەلگىلەپ بەردى ھەمدە شەخسەن ئۆزى پارتىيە مەكتىپىگە بېرىپ دوكلات بېرىپ تۇردى. رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ «ئەمەلىيەت توغرىسىدا»، «زىددىيەت توغرىسىدا» دېگەن ئەسەرلىرى، ئىستىل تۈزىتىش توغرىسىدىكى دوكلاتلىرى ۋە باشقا مۇھىم نۇتۇقلىرى بىر ئەۋلاد ئىنقىلابىي ياشلارنى تەربىيىلەپ ۋە يېتىشتۈرۈپ، ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن نۇرغۇن تايانچلارنى يەتكۈزۈپ بەردى. 80-يىللارنىڭ باشلىرىدا دېڭ شياۋپىڭ، چېن يۈن قاتارلىق پېشقەدەم ئىنقىلابچىلار ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈشنى كۆپ قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ: "ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش، ياشارتىش، زىيالىيلاشتۇرۇش ۋە ئىختىساسلاشتۇرۇش ئۆلچىمى بويىچە، ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى تاللاپ بەنزىگە كىرگۈزۈش كېرەك" دەپ قايتا-قايتا تەكىتلىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ: "پارتىيىمىزنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى 100 يىلغىچە دەۋر سۈرىدۇ، ئەبەدىي ئامانلىقىمىزغا كاپالەتلىك قىلىشتا شۇنىڭغا تايىنىمىز. ئومۇمىيەتكە ھەقىقىي تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىش شۇ" دەپ ئالاھىدە كۆرسەتتى. («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 3-توم، 794-بەت) يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ياش كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىدا ئەسىر ھالقىپ مۇھىم ۋەزىپىنى ئۆز زىممىسىگە ئالالايدىغان زور تۈركۈم مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش جىددىي ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ھەمدە "كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە تەربىيىلەشنى ئومۇمىيەتكە تاقىلىدىغان ئاساس خاراكتېرلىك خىزمەت سۈپىتىدە قەتئىي بوشاشماي چىڭ تۇتۇش" تەلەپ قىلىنغان. 80-يىللارنىڭ باشلىرىدا، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى بىر تۈركۈم ياش زاپاس كادىرلارنى تەربىيىلىگەنىدى، ھازىر بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇھىم ئورۇنلاردا، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا مۇھىم رول ئويناۋاتىدۇ. دەسلەپكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 80-يىللارنىڭ باشلىرىدىن ھازىرغىچە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى ئوتتۇرا ياشلىق ۋە ياش كادىرلار كۇرسىدىن جەمئىي 18 قارار ئاچقان، بۇنى پۈتتۈرگەن كۇرسانتلار 3000 غا يېقىنلاشقان. بۇلارنىڭ ئىچىدىن 240 كىشى ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە

ئالغان، قالغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ۋىلايەت، شەھەر، نازارەت ۋە ئىدارىلەرنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈز ئۈستىگە ئالغان. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىدىكى خېلى كۆپ كىشىلەر پېنسىيىگە چىقىش يېشىغا يېقىنلاشقان ياكى پېنسىيىگە چىقىش يېشىغا توشقان، ئۇلار 2000 -يىلىغا بارغاندا ئارقا-ئارقىدىن خىزمەت ئورنىدىن چېكىنىدۇ، ھازىر يەنە كونىلارنىڭ ئورنىنى يېڭىلار باسىدىغان ھالقىلىق مەزگىلگە قەدەم قويدۇق، چوقۇم ياش زاپاس كادىرلارنى تەربىيىلەشنى پارتىيە مەكتەپلىرىنىڭ بىر مۇھىم ۋەزىپىسى سۈپىتىدە چىڭ ۋە ياخشى تۇتۇش كېرەك.

پارتىيە مەكتەپلىرىدە تەربىيىلىنىدىغان ياش كادىرلار دېگەندە ئادەتتە 45 ياشتىن تۆۋەن بولغان رەھبىري كادىرلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئۇلارنى يەنە 45 ياش ئۆپچۆرىسىدىكى كىشىلەر ۋە 35 ياش ئۆپچۆرىسىدىكى كىشىلەر دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىشقا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلارنىڭ سىياسىي سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى، مەدەنىيەت سۈپىتىمۇ بىر قەدەر يۇقىرى. ئۇلار ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئېچىۋېتىلگەن مەزگىلدە رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا ئۆستۈرۈلگەن بولۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەننى ھىمايە قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ مىڭىسى ئۆتكۈر، ئىنتىلىشچانلىقى كۈچلۈك، پىكىر يولى كەڭ، ئۇلار يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىدۇ. 45 ياش ئۆپچۆرىسىدىكى يولداشلار ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا بىر قەدەر كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم، پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرى توغرىسىدىكى تەربىيىلەرنى ۋە سوتسىيالىستىك ئەخلاق-پەزىلەت تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغان، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ياخشى ئىدىيىۋى ئاساس سالغان. ئۇلار ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“دىكى چېنىقىشتا ھەرخىل ئىشلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ بىر قەدەر مول تەجرىبە ھاسىل قىلغان، دۆلەت ئەھۋالىنى بىر قەدەر چۈشىنىدۇ، جاپا-مۇشەققەتكە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، ئىشچى-دېھقانلارنىڭ ھېسسىياتىنى يېتىشتۈرگەن، مۇستەقىل خىزمەت قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگەن. ئۇلار ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“دىن كېيىنكى قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاشتا تەجرىبە-ساۋاقلارنى توغرا يەكۈنلەپ، ”سول“چىللىق خاتالىقىنىڭ زىيىنىغا بىر قەدەر چوڭقۇر تونۇش ھاسىل قىلغاچقا، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ سىياسىي مەيدانى بىر قەدەر مۇقىم، مۇتلەق زور كۆپىنچىسى ھەق-ناھەقنى پەرق ئېتەلەيدۇ، توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرالايدۇ. تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ پەن-مەدەنىيەت جەھەتتىكى سىستېمىلىق تەربىيىلىنىشى ناچارراق. لېكىن ئۇلار قەيسىرانە ئىرادىسى بىلەن بۇ جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكنى تولۇقلاپ كېتەلەيدۇ. 35 ياش ئۆپچۆرىسىدىكى ياش كادىرلار ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن مۇھىم مەزگىلدە ئۆسۈپ يېتىلگەن، ئۇلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى بىر قەدەر ئاددىي، ئىدىيىسى بىر قەدەر ساپ، ئۇلار پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرى بويىچە مۇنتىزىم تەربىيىلەنگەن، بەزىلىرى تېخى چەت ئەللەردە ئوقۇغان بولۇپ، بىر قەدەر يۇقىرى پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە. ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەڭ، يېڭىلىق يارىتىش ئىگى كۈچلۈك، يېتەرسىزلىكى شۇكى، ئۇلارنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزملىق نەزەرىيە بىلىمى ۋە تارىخىي بىلىملىرى بىر قەدەر كەمچىل بولغاچقا، ئۇلار قىممەت قارىشى، پىكىر قىلىش ئۇسۇلى، شەيئىلەرگە قارىتا ھۆكۈم قىلىش ئۇلچىمى قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپ چاغلاردا غەربنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، بەزى چاغلاردا سىياسىي بىلەن كەسىپنىڭ مۇناسىۋىتىنى، شەخسلەر بىلەن تەشكىلنىڭ مۇناسىۋىتىنى، چەت ئەللەردىن ئۆگىنىش بىلەن مەۋقەنى ئۆزىمىزگە قويۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالماي قالىدۇ، ئۇلاردا ئاممىا بىلەن ئالاقە باغلاش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھى يېتەرسىز، ئۇلارنىڭ پارتىيىنىڭ ئىپسىل ئەنئەنىسىگە بولغان چۈشەنچىسى چوڭقۇر ئەمەس، پارتىيە تۇرمۇشى ۋە پارتىيىنىڭ قائىدە-نىزاملىرىغا بولغان بىلىمىمۇ كۆپ ئەمەس.

يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا ئاساسەن، ياش كادىرلارنى تەربىيىلەشتە، ئۇلارنىڭ سىياسىي سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە نۇقتىلىق ئەھمىيەت بېرىش، ماركسىزملىق ئاساسىي نەزەرىيىنى ئۆگىنىش ۋە ئىگەللەشنى ھەم پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشنى كۈچەيتىشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇش كېرەك، ئۇلارغا يەنە پارتىيە تارىخى، بولۇپمۇ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخى توغرىسىدىكى تەربىيىنى كۈچەيتىش كېرەك. بەزى مۇھىم پرىنسىپلار ۋە يەكۈنلەر ياش كادىرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ناھايىتى تونۇشتەك قىلسىمۇ، ئۇلار ئۇنى دائىم سۆزلەپ ياكى نەقىل كەلتۈرۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن مەنىسىنى ھەقىقىي تۈردە چۈشىنىشكە كەلگەندە، ئۇلارنىڭ چۈشىنىشى ئۇزاق سىناقلاردىن ئۆتكەن پىشقەدەم يولداشلارغا يەتمەيدۇ. دەرۋەقە، ياشلارنىڭ ئۇنداق كەچۈرمىشلىرى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، لېكىن ئۇلار تارىخ ئۆگىنىش، تارىختىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى چۈشىنىش ئارقىلىق بۇ جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلىرىنى تولۇقلاپ كېتەلەيدۇ. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان قانداق يوللارنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىمىزنى، قانداق تەجرىبە-ساۋاقلىرىمىز بارلىقىنى ھەقىقىي تۈردە چۈشىنىپ يەتمىسە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي لۇشيەنىنى چۈشىنىپ يېتىشى، سوتسىيالىزمغا بولغان ئېتىقادىنى چىڭىتىشى تەسكە توختايدۇ. نۇرغۇن يولداشلار، بولۇپمۇ بىر قىسىم پىشقەدەم يولداشلار شۇنى سەممىي ئۈمىد قىلىدۇكى، ئەسىر ھالقىيدىغان ياش كادىرلار ياش قورامى جەھەتتىلا ئەسىر ھالقىپ قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى، ئەسىر ھالقىيدىغان سىياسىي-ئىدىيىۋى ۋە كەسپىي ساپانى ھازىرلىشى، بولۇپمۇ سىياسىي ئېتىقاد، سىياسىي يۆنىلىش جەھەتتە قەتئىي تەۋرەنمەيدىغان، ماركسىزمغا، سوتسىيالىزمغا ھەقىقىي تۈردە ئىشىنىدىغان، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي ماڭىدىغان بولۇشى كېرەك. بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ئىقتىسادنى ئۆگىنىش بولۇپمۇ بازار ئىگىلىكى بىلىملىرىنى ئۆگىنىش، باشقۇرۇش بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ۋە زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىش تەلىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك، مانا بۇ يېڭى دەۋردىكى پارتىيە مەكتەپلىرىدىكى تەربىيىلەش تەلىپىنىڭ بۇرۇنقى تەلەپلەر بىلەن روشەن ئوخشاشمايدىغان يېرى. رەھبەرلىك ئىقتىدارى جەھەتتىكى تەربىيە، مەسىلەن، نەزەرىيە جەھەتتە تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى، تەشكىللەش-ماسلاشتۇرۇش ئىقتىدارى، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىش

ئىقتىدارى ۋە ئومۇمىيەتنى كونترول قىلىش ئىقتىدارى قاتارلىقلارنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە شەكىللەندۈرگىلى بولمىسىمۇ، ئۇ ئاساسەن خىزمەت داۋامىدىكى چېنىقىشتا يېتىلىپ بارسىمۇ، لېكىن پارتىيە مەكتەپلىرىدىكى تەربىيە ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈشكە بەلگىلىك ئاساس سېلىپ بېرەلەيدۇ. بىز پارتىيە مەكتەپلىرىدىكى سىستېمىلىق تەربىيە ئارقىلىق "نەزەرىيىنى ئىگەللەش، بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىش، پارتىيىۋىلىكنى كۈچەيتىش ۋە ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈش"تىن ئىبارەت بۇ نىشانغا ھەقىقىي تۈردە يېتىشىمىز كېرەك.

ياش كادىرلارنى تەربىيىلەشتە تەربىيىلەش بىلەن ئىشلىتىشنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك، مانا بۇ ئوقۇشقا كىرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى كۆڭۈل قويۇپ تاللىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ، زاپاس كادىر بولۇش شەرتىگە ھەقىقىي تۈردە توشقان كىشىلەرنى مەكتەپكە قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. ياش كادىرلارغىمۇ تەربىيە ئېلىپ بېرىش كېرەك. پارتىيە مەكتىپىگە كىرىپ تەربىيىلىنىش ئۆز بىلىمىنى تولۇقلاپ، ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، تېخىمۇ ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. لېكىن زاپاس كادىر قىلىپ تاللانغانلىقىنى يۈك قىلىۋالماسلىق كېرەك. ۋەزىپىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشى مەقسەت ئەمەس، بۇ مەسىلە جەھەتتىكى شەخسىي ئوي-خىيال كۆپ بولۇپ كەتسە ئۆگىنىش سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ. دەرۋەقە، تەشكىل جەھەتتىن ئالغاندا، تەربىيىلەش بىلەن ئىشلىتىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ، ئىككىسىنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

(ئاپتور جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن مۇدىرى)

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ياقۇپ مۇھەممەتروزى
مۇھەممەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان

www.uyghurkitap.com

# ئېلىمىزنىڭ يېزا بازارلىرى مەسىلىسى ۋە بازار سىستېمىسىنى يېتىلدۈرۈش مەسىلىسى توغرىسىدا

سۇ شىلىن

## 1

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، بازار سىستېمىسىنى يېتىلدۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. بازار — بىر گەۋدە، بازار سىستېمىسىمۇ تاۋار بازارلىرىنى ئاساس قىلغان، پۇل مۇئامىلىسى بازىرى، ئەمگەك كۈچى بازىرى، ئۆي-زېمىن بازىرى ۋە تېخنىكا-ئۇچۇر بازىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر گەۋدىدۇر. دېمەك، يېزا بازارلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا سىستېما ھاسىل قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇ ئېلىمىزدىكى بىر پۈتۈن بازار سىستېمىسىنىڭ تەركىبىي قىسمىدىنلا ئىبارەت.

سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكى بىر-بىرىنى بازار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، شەھەر بىلەن يېزا-كەنتلەر بىر-بىرىگە يېقىندۇ، ئېلىمىزدە، يېزا بازارلىرى بازار سىستېمىسىنى يېتىلدۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. يېزا ئىگىلىكىدە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، يېزىلار شەھەر ئاھالىلىرىنى ۋە سانائەت كارخانىلىرىنى تېخىمۇ كۆپ تۇرمۇش ۋاستىلىرى، يېنىك سانائەت ۋە توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ خام ئەشيا-ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىن ئېتىدىغان بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بارغانسېرى كۆپلىگەن سانائەت ئىستېمال بۇيۇملىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، تاۋار بازارلىرىنى كېڭەيتىدۇ؛ ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، يېزىلاردىكى ئوشۇق ئەمگەك كۈچلىرى يېزا ئىگىلىكىدىن باشقا ساھەلەرگە ۋە شەھەرلەرگە كۆپلەپ كۆچۈپ، ئەمگەك كۈچى بازىرىنى كېڭەيتىدۇ؛ شەھەرلىشىشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، يېزىدىكى يەرلەرنىڭ بىر قىسمى يېزا ئىگىلىكىدىن باشقا ساھەلەرگە ئىشلىتىلىدىغان يەرگە ئۆزگىرىپ، ئۆي-زېمىن بازارلىرىنىڭ كېڭىيىشىگە تۈرتكە بولىدۇ؛ سانائەت-يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىجتىمائىي جۇغلانما فوند يىغىۋېلىشتىن تەقسىملىنىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىپ، پۇل مۇئامىلىسى بازارلىرىنىڭ كېڭىيىشىگە تۈرتكە بولىدۇ؛ مۇناسىپ ھالدا پەن-تېخنىكا، ئۇچۇر بازارلىرىمۇ تەرەققىيات ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ.

يېزا بازارلىرىنىڭ بىر پۈتۈن بازار سىستېمىسىغا كىرگۈزۈلۈشى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. ئۆتمۈشتە، يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈۋېتىلگەن پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى

---

ئىزدىنىش (تاللانما)

شارائىتىدا، دېھقانلار كوللېكتىپ ئىگىلىككە بېقىناتتى، ئىشلەپچىقىرىش بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلانغا بويسۇناتتى، تەقسىماتتا تەڭ تەقسىماتچىلىق يولغا قويۇلۇپ، ”داش قازاننىڭ ئېشىنى يېيىش“ يولى تۇتۇلاتتى، مەھسۇلاتنى دۆلەت بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ، بىر تۇتاش سېتىپ بېرەتتى، سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە ئاساسلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىدا نورمىلىق تەمىنلەش يولغا قويۇلاتتى، بازار مېخانىزمى ئاساسەن دېگۈدەك رول ئويىنىمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلق گۇڭشېسى تۈزۈمى ”كىچىك ھەم تولۇق“ بولۇش ئاساسىدىكى ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەش خاراكتېرىنى ئالغان ئىشلەپچىقىرىشقا مايىل بولغاچقا، خېلى بىر مەزگىلگىچە، ئېلىمىزنىڭ يېزا بازارلىرى ئەمەلىيەتتە تار ھالەتتە تۇرۇپ كەلدى. بۇ ھال دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئاكتىپلىقىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىگە، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ ئاستىلاپ كېتىشىگە، پەن-تېخنىكىنىڭ ئارقىدا قېلىشىغا، مەھسۇلات تۈرىنىڭ ئازلاپ كېتىشى، سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى ۋە بازاردىكى تەمىناتنىڭ جىددىيلىشىپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى كەڭ دېھقانلارنىڭ ئىجادىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويدى، بۇنىڭ بىلەن، يېزا ئىقتىسادىدا غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى: (1) يېزا ئىگىلىكى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈلگەندىن بۇيان شەكىللەنگەن يۇقىرىدىن مەركەزلەشتۈرۈش ئاساسىدىكى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى بۇزۇپ تاشلىنىپ، دېھقانلار ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتە ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىندى ھەمدە تەدرىجىي ھالدا ئۆز-ئۆزىنى راۋاج تاپقۇزۇش ئىقتىدارىغا ئىگە تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچى قىلىندى؛ (2) خەلق گۇڭشېسى تۈزۈمىنىڭ پارچىلىنىشىغا ئەگىشىپ، پىلاننىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ۋە ئوبوروتنى چەكلەش كۈچى زور دەرىجىدە ئاجىزلىدى، بازارنىڭ تەڭشەش دائىرىسى كۈنسايىن كېڭەيدى. 1985-يىلى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ۋە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئاشلىق قاتارلىق ئاز ساندىكى مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا قارىتا توختام بويىچە سېتىۋېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، دېھقانچىلىق-قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ باھاسى قويۇۋېتىلىپ، بازار ئارقىلىق تەڭشەش يولغا قويۇلدى. 1993-يىلى، ئاشلىقنىڭ سېتىلىش باھاسى ئاساسىي جەھەتتىن قويۇۋېتىلدى؛ (3) بازار مېخانىزمىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دېھقانلار كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئاكتىپ تەڭشەپ، سېلىشتۇرما مەنپەئەتى يۇقىرى بولغان سۇ مەھسۇلاتلىرى، چارۋا مەھسۇلاتلىرى ۋە ئىقتىسادىي زىرائەت قاتارلىقلارنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى تېرىقچىلىقنى ئاساس قىلغان بىر مەنبەلىك قۇرۇلمىدىن كۆپ مەنبەلىك قۇرۇلمىغا قاراپ راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. دېھقانلارنىڭ ئائىلىۋى ئىگىلىكىنىڭ مەخسۇسلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىشمۇ كۈندىن-كۈنگە روشەنلەشتى، ھەرخىل تىپتىكى كەسپىي ئائىلىلەر تېزدىن يۇكسەلدى، تېرىقچىلىقنى، باقمىچىلىقنى، پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئاساس قىلىدىغان ئىگىلىك دائىرىسى چوڭ ئائىلىلەر، قاقاس

www.uyghurkitap.com

تاغلارنى، دەريا-كۆللەرنى، ئورمانلىقلارنى ھۆددىگە ئالغۇچى كەسپىي ئائىلىلەر كۆپلەپ مەيدانغا كەلدى، ئىقتىسادىي بىرلەشمىلەر ۋە ھەرخىل بازىلارمۇ بەس-بەستە ۋۇجۇدقا كەلدى. بۇ ھال ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا، يېزا بازارلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ، بازار سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشكە باشلىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

## 2

تاۋار بازىرى—بازار سىستېمىسىنىڭ ئاساسى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى يېڭى بىر بالداق كۆتۈرۈلۈپ، ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەش خاراكتېرىدىكى ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكى سودا خاراكتېرىدىكى يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى شۇكى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تاۋارلىق نىسبىتى زور دەرىجىدە ئۆستى. 1992-يىلى، مەملىكەت بويىچە دېھچانچىلىق-قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ تاۋارلىق نىسبىتى %60تىن يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە پاختىنىڭ %90تىن، ياغلىق دان ماتېرىياللىرى ۋە شېكەر تۈرىدىكى مەھسۇلاتلارنىڭ %70تىن يۇقىرى بولدى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تاۋارلىشىش تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش ئىستېمالىدا بازارغا تايىنىشى كۈندىن-كۈنگە كۈچەيدى، تۇرمۇش ئىستېمالىدا تاۋار خاراكتېرىنى ئالغان ئىستېمال %65تىن ئېشىپ كەتتى، جۈملىدىن كىيىم-كېچەكنىڭ 98 پىرسەنتىنى بازاردىن سېتىۋالىدىغان بولدى. بازار دېھقانلار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان كۈچ بولۇپ قالدى.

تاۋار بازارلىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، سودا خاراكتېرىدىكى يېزا ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. مەن «چوڭ ھۆددىگەرلىك» ئاساسىدىكى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى دەسلەپ يولغا قويۇلغان جاي—ئەنخۇي ئۆلكىسى چۇجۇ شەھىرىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانىدىم. بۇ شەھەردىكىلەر ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش، ئومۇمىي مەھسۇلاتىنى تۇراقلاشتۇرۇش بىلەن بىللە، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى پائال تەڭشەپ، سودا خاراكتېرلىك يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرغان. ئۇلار «مىڭ يۈەنلىك ئېتىز» (يەنى ھەر مۇ يەرنىڭ يىللىق كىرىمىنى مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈش) بەرپا قىلىشنى شۇئار قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغانىكەن. 1993-يىلى، تېرىقچىلىق ۋە سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىقى بويىچە 30 نەچچە خىل ئەندىزىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، داڭدار، ئالاھىدە، ئەلا سۈپەتلىك سورتلارنى كىرگۈزۈپ، ئەلا سۈپەتلىك ئاشلىق، مايلىق دان، پىلە قۇرۇتى، كۆكتات، يەل-يېمىش، چىغىرتماق، ئالاھىدە سۇ مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلارنى راۋاجلاندۇرۇپ، شەھەر بويىچە «مىڭ يۈەنلىك ئېتىز»نىڭ كۆلىمىنى 1 مىليون 650 مىڭ موغا يەتكۈزگەن، بۇنداق ئېتىز دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا يىللىق ئوتتۇرا

ھېساب بىلەن 0.51 مودىن توغرا كەلگەن. تاۋار ئىشلەپچىقىرىش بازىسىدىن دەسلەپكى قەدەمدە 210 نى بەرپا قىلىپ، ئومۇمىي كۆلىمىنى 10 مىليون مودىن ئاشۇرغان، بۇنىڭ ئىچىدە كۆلىمى 10مىڭ مودىن ئاشىدىغان يېغىنچاق تۇتاش بازا 40قا يەتكەن. ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان "بىر يېزىدا بىر خىل مەھسۇلات تۈرى بولۇش، بىر كەنتتە بىر خىل مەھسۇلات تۈرى بولۇش" ئەندىزىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىپ، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تاۋارلىق نىسبىتىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئەۋزەللىكى نامايان بولۇشقا باشلىغان.

ئېلىمىز يېزىلىرىدا 220 مىليوندىن كۆپرەك دېھقان ئائىلىسى بار، ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئوبوروت پائالىيەتلىرىدە ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىغا ئىگە، بۇنداق تارقاق ھالەتتىكى ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش بىلەن چوڭ بازار ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بار، بولۇپمۇ بازارنىڭ رولى مۇكەممەللىشىپ كەتمىگەن ئەھۋالدا، قارىغۇلارچە ئىش كۆرۈش ئەھۋالى بىر قەدەر ئېغىر بولىدۇ. ئىقتىسادشۇناسلار ئېيتقان ئۆزئارا تەقلىت قىلىش، ماس قەدەمدە تەۋرەش ئەھۋالى ئەنە شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان. بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، كۆپ قاتلاملىق دېھقانچىلىق-قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى بازىرىنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. ئېلىمىزدە كۆپ خىل شەكىلدىكى باشلانغۇچ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى بار، بەزى ئالىي دەرىجىلىك بازار—چوڭ تىپتىكى توپ سېتىش بازارلىرىمۇ قۇرۇلدى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇ ئىككى خىل بازارنىڭ ئارىلىقىدىكى ئۆتكۈنچى شەكىللەرمۇ بار. ئەنخۇي ئۆلكىسى فۇياڭ ۋىلايىتىدە سودا سوممىسى 50 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان ئوتتۇرا تىپتىكى بازاردىن 12سى، 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان چوڭ تىپتىكى بازاردىن تۆتى شەكىللەندى. بۇنىڭ ئىچىدە تەيخې نېلون ئارغامچا بازىرى مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ئارغامچا-تور بازىرى ھېسابلىنىدۇ. يىڭشاڭدىكى نەنجاۋ گۈرۈچ بازىرى مەملىكەت بويىچە 17 ئۆلكە ۋە 51 ناھىيە، شەھەرگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، يىللىق پۇتۇشۇش سوممىسى 320 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ. ئاما: "بىر بازار قۇرۇلسا، بىر رايوننىڭ ئىگىلىكىنى جانلاندۇرىدۇ، بىر كەسىپ تەرەققىي تاپسا، بىر رايوندىكى ئاممىنى بېيىتىدۇ" دېيىشكەن. ئىككىنچىدىن، ھەرخىل شەھەرلەردىكى ۋاستىچى تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، دېھقان ئائىلىسى بىلەن بازارنى بىرلەشتۈرۈش لازىم. ئېلىمىز يېزىلىرىدا بارلىققا كېلىۋاتقان سودا، سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ بىر گەۋدىلىشىش شەكلى ناھايىتى ئىستىقباللىق تەشكىلات شەكلىدۇر. سودا، سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ بىر گەۋدىلىشىش شەكلى خىلمۇخىل بولىدۇ:(1) پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرى بىلەن دېھقان ئائىلىلىرى بىرلىشىش. پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىنى باشلامچى قىلىش، دېھقانلارنى ئىشلەپچىقىرىشتىن بۇرۇن، ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىن مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئېتىش؛(2) ئوبوروت كارخانىلىرى بىلەن دېھقان ئائىلىلىرى بىرلىشىش. سودا، تەمىنات-سودا، تاشقى سودا قاتارلىق ئوبوروت كارخانىلىرى پىششىقلاپ ئىشلەش، ساقلاش، توشۇش قاتارلىق كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇش، مەخسۇس توپ سېتىش بازارلىرىنى باشلامچى قىلىپ، كەسپىي كەنتلەر ۋە ئائىلىلەرنىڭ تەرەققىياتىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۈرتكە بولۇش؛ (3) ھەمكارلاشقان ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار بىلەن دېھقان ئائىلىرى بىرلىشىش. ئىجتىمائىي رايون خاراكتېرىدىكى ياكى مەخسۇس كەسىپ خاراكتېرىدىكى ھەمكارلاشقان ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار مۇلازىمەت گەۋدىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا قاتناشقان دېھقان ئائىلىلىرىنى مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئېتىش؛ (4) ساھەلەر بويىچە قۇرۇلغان جەمئىيەتلەر ۋە كەسپىي جەمئىيەتلەر بىلەن دېھقان ئائىلىلىرى بىرلىشىش. مەلۇم بىر ساھەگە خاس جەمئىيەتنى ۋە كەسپىي جەمئىيەتنى باشلامچى قىلىپ، تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشنى، سېتىش مۇلازىمىتىنى ۋاستە قىلىپ، كۆپلىگەن كەسپىي ئائىلىلەر-نى ياكى بىرلەشمىلەرنى بىرلەشتۈرۈش؛ (5) پەن-تېخنىكا تارماقلىرى بىلەن دېھقان ئائىلىلىرى بىرلىشىش. پەن-تېخنىكا تارماقلىرى پەن-تېخنىكا جەھەتتىن ھۆددىگە ئېلىش، تۆلەملىك مۇلازىمەت قىلىش، ئۈلگىلىك سىناق بازىلىرىنى بەرپا قىلىش قاتارلىق يوللار ئارقىلىق دېھقان ئائىلىلىرى بىلەن بىر قەدەر مۇقىم ئالاقە ئورنىتىش ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا پەن-تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئېتىشتىن ئىشلەپچىقىرىش-تىن بۇرۇن ۋە كېيىن پەن-تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئېتىشكە يۈزلىنىش. يەنە بۇنىڭدىن باشقا تەشكىلات شەكىللىرىمۇ بار.

### 3

يېزا ئەمگەك كۈچى بازىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئېلىمىزنىڭ سانائەت-يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى ۋە شەھەر-يېزا قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىپ، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولى.

تارىخىي تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھەرقايسى ئەللەر سانائەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش مەزگىلىدە، يېزىدىكى ئوشۇق ئەمگەك كۈچلىرى شەھەرلەرگە ۋە يېزا ئىگىلىكىگە تەۋە بولمىغان تارماقلارغا كۆچۈپ، شەھەر-يېزا ئاھالىسىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىدىغان جەرياننى باشتىن كەچۈرىدۇ. دۆلىتىمىزدە، سانائەتلە-شىش جەريانىغا ئەگىشىپ، بىر قىسىم يېزا ئىگىلىك ئەمگەكچىلىرى شەھەرلەرگە ۋە يېزا ئىگىلىكىگە تەۋە بولمىغان تارماقلارغا كۆچتى، لېكىن بۇنداق كۆچۈش ئىنتايىن ئاستا بولۇۋاتىدۇ. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، يېزا ئوشۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ كۆچۈشى تېزلەشتى. بۇنىڭ ئاساسىي ئىپادىلىرى مۇنۇلار: (1) 1978-يىلدىن 1988-يىلغىچە يېزىلاردىن 44 مىليون ئەمگەك كۈچى شەھەرلەرگە يۆتكەلدى؛ (2)1978-يىلدىن 1992-يىلغىچە، يېزا-بازار كارخانىلىرىغا ئىشقا ئورۇنلاشقان ئەمگەك كۈچى 20 مىليوندىن كۆپىيىپ 106 مىليونغا يەتتى. بۇنداق يۆتكىلىش دۆلەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئەمەس، ئائىلىلەر، ئىجتىمائىي رايون ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرى ۋە بازارنىڭ تەڭشىشى ئارقىلىق ئورۇندالدى؛ (3) بىر قىسىم ئەمگەك كۈچى شەھەر-يېزىلاردىكى بىناكارلىق كەسپىگە ۋە ئوبوروت ساھەسىگە يۆتكەلدى؛ (4) شەھەردىكى، سانائەت-كان رايونلىرىدىكى ئىش ئېغىر، پاسكىنا، جاپالىق قۇرۇلۇشلار ۋە مۇلازىمەتچىلىك

كەسپى شۇنىڭدەك كۆكتات تېرىقچىلىقى قاتارلىق ئىشلارمۇ بىرمۇنچە دېھقانلارنى جەلب قىلدى، بۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى ۋاقىتلىق ئىشچى ۋە پەسىللىك ئىشچىلاردىن ئىبارەت. بىراق، ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، مەملىكىتىمىزنىڭ شەھەرلىشىش تەرەققىياتى يەنىلا خېلى ئارقىدا قالدى. نەچچە ئون يىللىق تىرىشىش نەتىجىسىدە، ھازىر، مەملىكىتىمىزدە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدە سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى 50-يىللاردىكى %30تىن ئۆسۈپ %80كە يەتتى، يېزا ئاھالىسى بولسا يەنىلا شەھەر-يېزا ئاھالىسىنىڭ %70تىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. ھازىر ئېلىمىز يېزىلىرىدا تەخمىنەن 440 مىليون ئەمگەك كۈچى بار، بۇلار 100 مىليون گېكتار يەردە تېرىكچىلىك قىلىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كۆلىمىنى كېڭەيتىش مۇمكىن ئەمەس. ئالىملارنىڭ ھېسابلاپ كۆرۈشىچە، ھازىر يېزىلاردىكى ئوشۇق ئەمگەك كۈچى ئاز دېگەندىمۇ 100 مىليوندىن ئاشىدىكەن، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى 200 مىليونغا يېتىشى مۇمكىن ئىكەن. ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، كۆپلىگەن يېزا ئاھالىسى شەھەر ئاھالىسىغا ئۆزگىرىدىغان جەريانىنىڭ يەنى شەھەرلى-شىش جاريانىنىڭ بارلىققا كېلىشى مۇقەررەر، بۇ—ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنى-شى. بىز تەرەققىيات ستراتېگىيەمىزنى مۇشۇ يۈزلىنىشكە يارىشا بەلگىلىشىمىز كېرەك. جۇڭگودا يېزىلارنىڭ ئوشۇق ئەمگەك كۈچلىرى كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك دۆلەت، شۇڭا كاپىتالىستىك دۆلەتلەر بېسىپ ئۆتكەن كونا يولغا ماڭساق بولمايدۇ، چوقۇم جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ يولىدا مېڭىشىمىز لازىم.

ئىدىيە جەھەتتە، بىز يېزا ئەمگەك كۈچى بازىرىنىڭ رېئال مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئەستايىدىل قارىشىمىز كېرەك. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، دېھقانلار ئەمگەك كۈچى بىر تۇتاش تەقسىم قىلىنىدىغان تۈزۈلمىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆز ئەمگەك كۈچىنى ئۆزى نېرى-بېرى قىلالايدىغان ھوقۇققا ئىگە بولدى؛ بازار مېخانىزمىنىڭ تەڭشىشى ئارقىسىدا، ئىشلەپچىقىرىش ئامىلى، جۈملىدىن ئەمگەك كۈچى مۇۋاپىق تەقسىملىنىپ، شەھەر-يېزىلاردا ئەمگەك كۈچى بازىرى بارلىققا كەلدى. ئەمگەك كۈچى بازىرىدا، ئەمگەك كۈچى تاۋار سۈپىتىدە ئالماشتۇرۇلىدۇ، ئەمگەك كۈچى بىلەن تەمىن ئەتكۈچى ۋە ئەمگەك كۈچى ھاجەتمەنى تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرىدۇ، ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ بولۇش-بولماسلىقى شۇنىڭدەك ئىش-چى-خىزمەتچىلەر ئورنىنىڭ قانداق بولۇشى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنىڭ خاراكتېرىگە باغلىق. ئېلىمىزدە بازارنىڭ يېتىلىش دەرىجىسى تۆۋەن، يېزىلاردا ئوشۇق ئەمگەك كۈچى كۆپ بولغاچقا، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ كۆچۈشى جەريانىدا بەزى قالايمىقانچىلىقلارچە ئىش كۆرۈش ئەھۋالىمۇ كۆرۈلدى. يېقىنقى يىللاردا، ھەر يىلى نەچچە ئون مىليونلىغان دېھقان توپ-توپ بولۇشۇپ دېڭىز بويى رايونلىرىغا، چوڭ شەھەرلەرگە ياكى ئەمگەك كۈچى كەم بولغان باشقا رايونلارغا ئىش ئىزدەپ چىقىدىغان ”مەدىكارلار دولقۇنى“ شەكىللەندى. بۇنداق ئەھۋالغا قارىتا، ۋەزىيەتكە يېقىپ يېتەكلەش يولىنى تۇتۇپ، بۇ بۇرۇلۇشنى تەرتىپلىك ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز ھەمدە دۆلەت ماكرو جەھەتتىن تەڭشەپ-تىزگىنلەپ تۇرالايدىغان شەھەر-يېزا ئەمگەك كۈچى بازىرىنى بەرپا قىلىش يولىدا پائال ئىزدىنىشىمىز كېرەك، خالاس.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يېزا ئوشۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ بازىرى ئاساسەن شەھەرلەردە. مەملىكىتىمىزدە شەھەرلەرنى قانداق تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك دېگەن مەسىلىدە ئوخشاش بولمىغان خىلمۇخىل تەشەببۇسلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بەزىلەر چوڭ شەھەرلەرنى كۆپەيتىشنى ئاساس قىلىش كېرەك دەپ تەشەببۇس قىلىشىدۇ، بەزىلەر كىچىك شەھەرلەرنى كۆپەيتىشنى ئاساس قىلىش كېرەك دەپ تەشەببۇس قىلىشىدۇ. مېنىڭچە، بىز يەنىلا جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، شەھەر تەرەققىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىشىمىز لازىم. يىراق كەلگۈسىدىن قارىغاندا، ئوتتۇرىھال شەھەرلەرنى چوڭ شەھەرگە ئۆزگەرتىشكە، كىچىك شەھەرلەرنى ئوتتۇرىھال شەھەرگە ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ. لېكىن ھازىرقى ۋاقىتتا، مەملىكىتىمىزدىكى چوڭ شەھەرلەردە غايەت زور ئاھالە بېسىمى ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت، ھەرخىل ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر، مەسىلەن، تۇرالغۇ، قاتناش، سۇ تەمىناتى قاتارلىقلار ئېغىر دەرىجىدە يېتىشمەيدۇ، ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىمۇ ئىنتايىن يېتەرسىز، شۇڭا شەھەرلەرنىڭ كۆلىمىنى تىزگىنلىمەي بولمايدۇ، كىچىك شەھەرلەرنى كۆپەيتكەندە، بۇنىڭغا كەڭ زېمىن ھازىرلىغىلى بولىدۇ. ھازىر يېزا-بازار كارخانىلىرى سانائەتنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىدىغان بولۇپ قالدى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، بۆلگىنىشنى ئازايتىش ئۈچۈن، مۇۋاپىق مەركەزلەشتۈرۈپ، بۇ كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى كىچىك شەھەر-بازارلارنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى كىچىك شەھەرلەرنى قۇرۇش كېرەك. بۇنداق كىچىك شەھەرگە دۆلەتنىڭ كۆپلەپ مەبلەغ سېلىشى ھاجەت ئەمەس، بۇ ئىشنى خېرىدار چاقىرىش قاتارلىق جانلىق ئۇسۇللار بىلەن دېھقانلارنىڭ ئۆزىگە قويۇپ بېرىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋېنجۇ شەھىرىدىكى لۇڭگاڭ بازىرى ئەنە شۇ يول بىلەن قۇرۇلغان. دەسلەپتە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىش باشلاش راسخوتى سۈپىتىدە 3000 يۈەن پۇل ئاجراتقان، ئالاھىزەل ئون يىل ۋاقىت ئۆتۈپ، 1994-يىلىغا كەلگەندە، 6000 كىشىلىك بەش كىچىك بېلىقچىلىق كەنتى ئاساسىدا، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە يەتكەن 130 مىڭ كىشىلىك يېڭى شەھەر بازىرى ۋۇجۇدقا كەلدى. كىچىك شەھەرلەر كەلگۈسىدە تەرەققىي قىلىپ ئوتتۇرىھال شەھەرگە ئايلىنىشىمۇ مۇمكىن.

شەھەرلىشىش تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، سىياسەتنى مەلۇم دەرىجىدە تەڭشەش كېرەك. ھازىرقى نوپۇس تۈزۈمى بويىچە ئېيتقاندا، ھەرخىل يېزا-بازار كارخانىلىرىدا ئىشلەۋاتقان ئاز كەم 100 مىليون يېزا ئەمگەك كۈچى يەنىلا "دېھقان" ھېسابلىنىدۇ، ھەرخىل ئۇسۇلدا شەھەرلەرگە كىرىپ يىللاپ-يىللاپ دېھقانچىلىق ئەمگىكىدىن باشقا ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئەمگەك كۈچلىرىمۇ "دېھقان" ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق قاتتىق سالاھىيەت باشقۇرۇش چارىسىنىڭ ئۆزىگە خاس تارىخىي سەۋەبى بولۇپ، ئۇ مەلۇم رول ئوينىغان. لېكىن ھازىر ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا تازا ماس كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى، ئاساسلىقى، ئۇ شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدا، سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكى ئوتتۇرىسىدا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ مۇۋاپىق يۆرۈشۈپ تۇرۇشىغا توسالغۇ بولۇپ قالدى. شۇڭا، ھازىرقى نوپۇس سىياسىتىنى ۋە شەھەر ئاھالىسى بىلەن يېزا ئاھالىسىغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىدىغان ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تۈزۈمىنى پەيدىنپەي ئىسلاھ قىلىش لازىم. يىللاپ-يىللاپ شەھەردە ئىشلىگەن، تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان دېھقانلارنى بارا-بارا دېھقانچىلىق سالاھىيە-

تىنى ئۆزگەرتىپ، شەھەر ئاھالىسى بولۇش، يەنى ئۇلارنى "يەردىنمۇ، يۇرت-ماكاندىنمۇ ئايرىلىپ چىقىش" ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، شۇ ئارقىلىق، شەھەرلىشىش تەرەققىياتىنى تېزلىتىش كېرەك. بۇنداق قىلىش يېزا ئىگىلىكىدە مۇۋاپىق كۆلەملىك ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئەمگەك ئۈنۈمدار-لىقىنى ئۆستۈرۈش، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشكىمۇ پايدىلىق.

## 4

يەر بازىرى ئىشلەپچىقىرىش ئامىلى بازىرىغا تەۋە. تەرەققىي تاپقان ئەللەر زامانىۋىلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش داۋامىدا، ئومۇمەن يەرنىڭ يۇرۇشۇپ تۇرۇشنى چەكلەش، ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىشنى قوغداشتىن يەر بازىرىنى قۇرۇش، يەرنىڭ يۇرۇشۇپ تۇرۇشنى رىغبەتلەندۇرۇش، مەلۇم كۆلەمدىكى زامانىۋى دېھقانچىلىق مەيدانىنى قۇرۇشقا پەيدىنپەي بۇرۇلغان. بۈگۈنكى كۈندە، ئامېرىكىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە مانا مۇشۇنداق مەلۇم كۆلەمدە باشقۇرۇلۇۋاتقان دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەپ تۇرماقتا.

ئېلىمىزنىڭ يېزىلىرىدا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، يەرنىڭ كۆلىمى كىچىك بولۇش، باشقۇرۇش تارقاق بولۇشتەك چەكلىمىلىككىمۇ دۇچ كەلگەندۇق. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، باشقۇرۇش كۆلىمىنى كېڭەيتىشنى كۆزدە تۇتۇپ، نۇرغۇن جايلار يەر تۈزۈمىگە دائىر ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە تەڭشەپ، يەرنىڭ يۇرۇشۇپ تۇرۇشى ۋە مەركەزلە-شىشىنى خېلىمۇخېل ئۇسۇلدا ئىلگىرى سۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن، باشقۇرۇش قۇرۇلمىسى بىر خىل، ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەش خاراكتېرىدىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ سالمىقى چوڭ، دېھقانلار يەرنى تىرىكچىلىك قىلىشنىڭ ئىجتىمائىي كاپالىتى قىلىۋالغان، ئۇلارنىڭ يەرنى يۇرۇشتۇرۇپ تۇرۇش ۋە مەركەزلەش-تۈرۈش تەلىپى كەمچىل؛ يەرگە بولغان مۈلۈك ھوقۇقى ئېنىق ئەمەس، دېھقان ئائىلىلىرى ئوتتۇرىسىدا ھۆددىگە ئالغان يەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە توغرا كەلسە، كۆپىنچە ھەقسىز ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىشلاردا تۈزۈم كاپالىتى يوق، ئۇلار يەرنى ئاق تاشلىۋېتىشكە رازىكى، ھۆددىگەرلىكنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە رازى ئەمەس.

ئېلىمىز يېزىلىرىدا يەر كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدە بولىدۇ، بۇنداق يەر تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا بىر قەدەر باب كېلىدۇ. لېكىن يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، كوللېكتىپ ئورۇنلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يەرنى بىۋاسىتە ئىشلىتىش ۋە باشقۇرۇشتىن قېلىپ، دېھقان ئائىلىلىرى ئىشلىتىدىغان ۋە باشقۇرىدىغان بولدى. بۇ ھال يەرگە بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنىڭ ئايرىۋېتىلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. كوللېكتىپ يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ، بۇ ھوقۇقنى ھۆددىگە ئالغۇچى كىشىدىن ئىجارە ھەققى

(يەنى پىرسەنت ئايرىۋېلىش پۇلى) ئېلىش يولى بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتىن نامايان قىلىدۇ. ھۆددىگە ئالغۇچى كىشى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە ئىشلىتىش، باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ، كوللېكتىپ بىلەن تۈزگەن ھۆددىگەرلىك توختامىغا قاتتىق رىئايە قىلىش شەرتى ئاستىدا يەرنى ئىشلىتىش، ھەقلىق ئۆتۈنۈپ بېرىش، ئىجارىگە بېرىش ۋە باشقىلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئىگە، ئۇلارنىڭ بۇنداق ھوقۇقى قانۇن بىلەن قوغدىلىدۇ.

ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى بىلەن ئىشلىتىش، باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئايرىۋېتىش ئاساسىدا، يېزىلاردا يەرلەرنىڭ يۇرۇشۇپ تۇرۇش مېخانىزمى شەكىللىنىشكە باشلىدى. ئىگىلىكى تەرەققىي تاپقان بەزى رايونلار-دا، يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنىڭ يۇرۇشۇپ تۇرۇشى ئىنتايىن كۆپ، شەكلىمۇ خىلمۇخىل. نۆۋەتتە ئاساسەن مۇنداق بىرنەچچە خىل شەكىل بار.

(1) دېھقان ئائىلىلىرى ئۆزئارا ھۆددىگەرلىكنى ئۆتۈنۈپ بېرىشنى يولغا قويۇپ، چوڭ تېرىقچى ئائىلىلەرنى ۋە ئائىلىۋى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى شەكىللەندۈرۈش. بۇنداق شەكىلدە يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش ئىشى ئاساسەن بازار ئارقىلىق يولغا قويۇلىدۇ. مەسىلەن، جېجياڭ ئۆلكىسى لېچىڭ ناھىيىسى، ۋېنجۇ شەھىرى، شەندۇڭ ئۆلكىسى پىڭدۇ شەھىرى مۇشۇ خىلدىكى شەكىلنى يولغا قويغان.

(2) كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلات دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ھۆددىگە ئالغان يېرىنى تەگشەپ، بىر تۇتاش باشقۇرۇلىدىغان كوللېكتىپ دېھقانچىلىق مەيدانىنى ۋە يېزا ئىگىلىك كەسپىي ئەترەتلىرىنى راۋاجلاندۇ-رۇش، باشقۇرۇش كۆلىمىنى كېڭەيتكەن ئورۇنلارغا قارىتا، ئىجتىمائىي رايون ئېتىبار بىلەن مۇلازىمەت قىلىش ۋە قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىشنى يولغا قويىدۇ. جياڭسۇ ئۆلكىسى شىشەن شەھىرى، بېيجىڭ شەھىرى شۇنيى ناھىيىسى مانا مۇشۇ شەكىلنى يولغا قويغان.

(3) يەرلىك ھۆكۈمەتلەر "تۆت خىل قاقاس يەر"نىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقىنى تالاشتا قويۇپ سېتىپ، يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنىڭ يۇرۇشۇپ تۇرۇشىنى بازار ئارقىلىق يولغا قويۇش. بۇ خىل شەكىلنىڭ ئالاھىدىلى-كى شۇكى، مۈلۈكچىلىك چېگرىسى بۆزۈپ تاشلىنىپ، ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنىڭ سېتىۋېلىشىغا يول قويۇلىدۇ؛ ھۆددىگەرلىك مۇددىتى بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئىشلىتىش ۋاقتىنى ئۇزارتىشقا يول قويۇلىدۇ؛ قاقاسلىقلارنى سېتىۋالغۇچىلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىنىپ، ۋارىسلىق قىلىش، ئۆتۈنۈش، گۆرۈگە قويۇشقا يول قويۇلىدۇ. ھازىر سەنشى، شەنشى، خېيلۇڭجاڭ، يۈننەن، خۇنەن قاتارلىق ئۆلكىلەردىكى ئېدىرلىق رايونلار مۇشۇ شەكىلنى يولغا قويۇشقا باشلىدى.

بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى خىل شەكىلدە يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنىڭ يۇرۇشۇپ تۇرۇشى بازار ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، ئىككىنچى خىل شەكىلدە ئاساسەن ئىجتىمائىي رايون كوللېكتىپ تەشكىلاتى ئارقىلىق تەڭشىلىدۇ. شىشەنگە ئوخشاش باشقۇرۇش سەۋىيىسى يۇقىرى، ئىقتىسادىي كۈچى يېتەرلىك جايلار ناھايىتى ئاز بولغانلىقى، زور كۆپ ساندىكى رايونلار ھەرقايسى كەسىپلەرنىڭ دارامىتىنى ئىجتىمائىي رايوننىڭ ئىچكى قىسمىدا تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ، بايلىقنى بىر تۇتاش تەقسىملەپ كېتەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئېلىمىز يېزىلىرىدىكى

يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى يۇرۇشتۇرۇشتە بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى ئاساس قىلىش، مۇشۇ ئاساستا يەر بازىرىنى پەيدىنپەي شەكىللەندۇرۇشكىلا بولىدۇ.

مەن ئەنخۇي ئۆلكىسى فۇياڭ ۋىلايىتى بوجۇ شەھىرى گۇجىڭ بازىرىنىڭ يەر تۈزۈمى ئىسلاھاتىغا دائىر ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانىدىم. ئۇلار مۇنداق ئۇسۇلنى قوللىنىپتۇ. (1) ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى كۈچەيتكەن. كەنت ھەمكارلىق ئىگىلىكى كومىتېتىنى قۇرۇپ، قانۇن بويىچە قانۇنىي ئىگىلىك سالاھىيەتكە ئىگە بولغان، دېھقانلار بىلەن ھۆددىگەرلىك توختىمى تۈزۈپ، يەرنىڭ كوللېكتىپ ئىلكىدە بولىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرغان؛ (2) ھۆددىگەرلىك ھوقۇقىنى تۇراقلاشتۇرغان. ھۆددىگەرلىك توختىمى تۈزۈپ، ھۆددىگەرلىك مۇددىتى 30 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدۇ، قاقاس ساي، قاقاس تۆپىلىك، قاقاس يەر ۋە پايدىلانمايدىغان كۆل-ئۆستەڭلەرنىڭ ھۆددىگەرلىك مۇددىتى 70—50 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدۇ، دەپ ئايدىڭلاشتۇرغان. نوپۇس كۆپەيسە يەرنى قوشۇپ بەرمەسلىك، نوپۇس ئازايسا يەرنى كېمەيتمەسلىك چارىسىنى يولغا قويۇپ، ھۆددىگەرلىك مۇددىتى ئىچىدە نوپۇسنىڭ كۆپىيىش-ئازىيىشىنىڭ يەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈۋەتكەن؛ (3) ئىشلىتىش ھوقۇقىنى قويۇۋەتكەن. يەرنى بازارغا كىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ھۆددىگەرلىك مۇددىتى ئىچىدە، يەرنى قانۇن بويىچە ئىجارىگە بېرىشكە، ئۆتۈنۈپ بېرىشكە گۆرۈگە قويۇشقا، پاي قوشۇشقا يول قويۇلىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. بۇ ھال تېرىلغۇ يەرلەرنى يەر تېرىش ماھىرلىرىنىڭ قولىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، باشقۇرۇش كۆلىمىنى كېڭەيتىشكىمۇ، يېزا ئىگىلىك ئەمگەك كۈچلىرىنى يېزا ئىگىلىكىدىن باشقا كەسىپلەرگە كۆچۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشقىمۇ پايدىلىق.

## 5

ئېلىمىزدە يېزا پۇل مۇئامىلىسى بازىرى سەل ئارقىدا قالغان. پۇل مۇئامىلىسى تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىغا ئەگىشىپ، يېزىلاردىكى سىياسەت خاراكتېرلىك پۇل مۇئامىلىسى ئاپپاراتى بىلەن سودا خاراكتېرلىك پۇل مۇئامىلىسى ئاپپاراتى پەيدىنپەي ئايرىۋېتىلمەكتە، بۇ ھال يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئوبوروتىنىڭ راۋاجلىنىشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى جەھەتتىكى تەمىنلەش بىلەن تەلەپنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەڭشەپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق.

يېزا ھەمكارلىق پۇل مۇئامىلىسى تەشكىلاتلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا. ئىناۋەتلىك قەرز كوپېراتىپنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يەنە باشقا بەزى تەشكىلات شەكىللىرىمۇ بارلىققا كەلدى. مەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ئەنخۇي ئۆلكىسى فۇياڭ ۋىلايىتى 1987-يىلدىن باشلاپ يېزا پۇل مۇئامىلىسى كوپېراتىپى (ئورنى) نى سىناق تەرىقىسىدە قۇرغان، ئەينى ۋاقىتتا، يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىش مەقسىتىدە، يېزا-بازار كارخانىلىرى ئۈچۈن مەخسۇس مۇلازىمەت قىلىدىغان خەلق باشقۇرۇشىدىكى پۇل مۇئامىلىسى ئاپپاراتى قۇرغان. مەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانغا قەدەر، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ تەستىقى

ئارقىلىق بۇنداق كوپېراتىپتىن جەمئىي 17،سى قۇرۇلۇپتۇ. بۇ پۇل مۇئامىلىسى ئورۇنلىرىنىڭ پاي پۇلى يىزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ، كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنىڭ ۋە دېھقانلارنىڭ پاي سېتىۋېلىشى بىلەن غەملەنگەنىكەن. ئۇلار جانلىق، خىلمۇخىل شەكىللەرنى قوللىنىپ ئامانەت پۇلنى جەلپ قىلغان، مەبلەغ ئۆزلەشتۈرگەن، خېيىم-خەتەرنى پايچىكلار تەڭ ئۈستىگە ئالغان، شۇڭا پايچىكلارنىڭ ئاكتىپلىقى قوزغالغان، باشقۇرۇلۇشى بىر قەدەر جانلىق بولغان. 1990-يىلى، بەزى كەنتلەر ئۆزلۈكىدىن كەنت ھەمكارلىق فوند جەمئىيىتىنى ئۇيۇشتۇرغان، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغانغا قەدەر، ۋىلايەت بويىچە بۇنداق جەمئىيەتتىن 50 نەچچىسى قۇرۇلغان، ئۇلارنىڭ ئۆزلەشتۈرگەن مەبلىغى 20 مىليون يۈەندىن ئاشقان. ھازىر، بەزى ھەمكارلىق پۇل مۇئامىلىسى تەشكىلاتلىرى تېخى سىناق خاراكتېرىدە يولغا قويۇلۇۋېتىپتۇ، نىزامنامىلىرى مۇكەممەل ئەمەس ئىكەن، تۈزۈلمىسى تېخى قېلىپلاشماپتۇ، ئۆز رولىنى تېخى تولۇق جارى قىلدۇرالماپتۇ، لېكىن بۇ شەكىل ئىستىقباللىق، ئۈمىدلىك ئىكەن.

تېخنىكا-ئۇچۇر بازىرى مەملىكىتىمىز يېزىلىرىدا مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىياتقا ئېرىشتى. مەسىلەن، يېزىلاردىكى تېخنىكا مۇلازىمەت تەشكىلاتلىرى بازار پرىنسىپىغا ئاساسەن قۇرۇلغان. بۇنداق تەشكىلاتلارغا ئومۇمەن شەخسلەر ياكى تەشكىل باشلامچىلىق قىلىدۇ، ئۇ كەڭ دېھقان ئائىلىسىنى بىرلەشتۈرۈپ، تېخنىكا مۇلازىمىتىنى يېتەكچى قىلىپ، يېزىلارنىڭ تېخنىكا، ئىقتىساد، ئۇچۇر، باشقۇرۇش قاتارلىق ساھەلەردە ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئۇنىڭ شەكلى جانلىق، خىلمۇخىل (بەزىلەر ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش-سېتىش تېخنىكىسى تىپىدىكى، ئىگىلىك باشقۇرۇش تېخنىكىسى تىپىدىكى، ئۇچۇر تېخنىكىسى تىپىدىكى دەپ ئايرىيدۇ)، دېھقانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن. ھازىر بەزى رايونلاردا يېزا تېخنىكا مۇلازىمىتى ئۇنىۋېرساللىشىش، تورلىشىش، سىستېمىلىشىشقا قاراپ تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. ھازىرقى يېزا ئىگىلىك تېخنىكا مۇلازىمىتى ئاپپاراتلىرى (مەسىلەن، ئۇرۇقچىلىق شىركەتلىرى) مۇ ئىچكى باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەڭگۈشلەپ، بازارغا يۈزلىنىپ، ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇشنى يولغا قويماقتا.

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئالىمجان سابىت**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# دېھقانلارنىڭ دارامىتىنى كۆپەيتىپ، يېزا ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرەيلى

لى جيەنجۈن

9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ۋە كەلگۈسى 15 يىلدا، يېزا ئىگىلىكىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشتىكى مۇھىم بىر تەرەپ دېھقانلارنىڭ دارامىتىنىڭ تېزراق كۆپىيىشىگە كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت، بۇ—دېھقانلار تۇرمۇشىنىڭ ھاللىق سەۋىيىگە، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ بىرقەدەر باياشات دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان مۇھىم بەلگە بولۇپلا قالماي، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم تەرەپ. دۆلىتىمىزدە 1 مىلياردقا يېقىن يېزا ئاھالىسى بار، دېھقانلارنىڭ دارامىتىنى ھەربىر پىرسەنتلىك رەقەم كۆپەيتىش ئۈچۈن، يېزا ئىقتىسادىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئاشۇرۇشقا، يېزا-بازار كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، يېزا ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى ئەنە شۇ. يېزا ئىگىلىكى تەرەققىي قىلسا، دېھقانلارنىڭ دارامىتى كۆپەيسە، يېزا بازارلىرى كېڭىيىدۇ، سانائەتنىڭ ۋە پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەكەش راۋاجلىنىشى كۈچلۈك تۈرتكىگە ئىگە بولىدۇ.

## 1

بىر دېھقان ئائىلىسىنىڭ باَج تاپشۇرغاندىن كېيىن تەقسىم قىلىنىدىغان يىللىق دارامىتىنىڭ بىر قىسمى تۇرمۇش ئىستېمالى ئۈچۈن، يەنە بىر قىسمى ئىشلەپچىقىرىش جۇغلانمىسى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئىستېمال بىلەن جۇغلانما بىر پۈتۈنلۈكنىڭ ئىككى تەرىپى بولۇپ، بىر-بىرىگە ئالاقىدار بولىدۇ ھەم بىر-بىرىگە بېقىنىدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا، دېھقانلارنىڭ دارامەت سەۋىيىسى تۆۋەنرەك بولغان چاغدا، تۇرمۇش باياشات بولمايدۇ، ئاشقان دارامەتنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىستېمالغا ئىشلىتىلىدۇ؛ دارامەت سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئاساسىي تۇرمۇش ئېھتىياجى قاندۇرۇلغاندىن كېيىن، تۇرمۇش ئىستېمالى تۆۋەنلەشكە يۈزلىنىپ، جۇغلانمىنىڭ سالمىقى پەيدىنپەي ئۆسۈپ بارىدۇ. دېمەك، دېھقانلارنىڭ دارامىتى شۇنىڭدەك دارامەتنىڭ تەقسىم قىلىنىشى دېھقان ئائىلىسىنىڭ ئىستېمال ھەرىكىتى بولۇپلا قالماي، بەلكى يېزا ئىگىلىك تەكرار ئىشلەپچىقىرىشقا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىل.

دۆلىتىمىزدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش سېلىنمىسى ئاساسەن دۆلەت سېلىنمىسى بىلەن دېھقانلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

سىلىنىمىسىدىن ئىبارەت ئىككى قىسمىدىن تەركىب تاپىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە، دېھقانلارنىڭ سىلىنىمىسى ئاساسىي ئورۇندا (%60تىن يۇقىرى) تۇرىدۇ، بۇ—يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان ئاساس. يېزا ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان، دۆلىتىمىزدە دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سىلىنىمىسى بىلەن دارامەت ئەھۋالىدىكى ئۆزگىرىش ئاساسەن ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى: بىرىنچى باسقۇچ — 1980—1985-يىللار. ئائىلىلەر بويىچە مەھسۇلاتقا باغلاپ ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن دېھقان ئائىلىلىرى بازار ھەرىكىتىنىڭ سۇبيېكتىغا ئايلاندى، بۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى قوزغالدى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئالاھىدە ئاشتى. بۇ مەزگىلدە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئېشىپ، دېھقانلارنىڭ دارامىتى كۆپەيدى. دېھقانلار دارامىتىنىڭ ئېشىشى يېزا ئىگىلىكىدە نوقۇل ھالدا دۆلەت بىلەن كوللېكتىپنىڭ سىلىنىمىسىغا تايىنىدىغان ئەھۋالنى ئۆزۈل-كېسىل ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ماددىي ئاساس سېلىپ بەردى، بۇنىڭ بىلەن دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ سىلىنىمىسىنى ئاساس قىلىدىغان تۈزۈلمە شەكىللىنىشكە باشلىدى. قىسقىغىنە بىرنەچچە يىلدا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش سىلىنىمىسى 25 يۈەندىن 140 يۈەنگە يېتىپ، 4.6 ھەسسە كۆپەيدى، باھا ئۆسۈش ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى %35.6بولدى. ئىككىنچى باسقۇچ — 1985—1989-يىللار. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى باھاسىنىڭ ئۆسۈشى ئارقىسىدا، دېھقانلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىن تاپىدىغان دارامىتى ئازايدى، بۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ دارامىتىدىن ئىشلەپچىقىرىش سىلىنىمىسى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۈلۈش زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى. بۇ مەزگىلدە، دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش سىلىنىمىسى 105 يۈەن كۆپەيگەن بولسىمۇ، باھا ئۆسۈش ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى تەخمىنەن %4 بولدى. ئۈچىنچى باسقۇچ—1990—1993-يىللار. 1993-يىلى يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش-ئىگىلىك باشقۇرۇش سىلىنىمىسىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئومۇمىي سوممىسى 367 يۈەنگە يەتكەن بولسىمۇ، باھا ئۆسۈش ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىكى يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى ئاران %3.1 بولۇپ، 2-باسقۇچتىكى ئەمەلىي ئېشىش سۈرئىتىدىن 0.9 پىرسەنتلىك رەقەم، 1 -باسقۇچتىكى ئەمەلىي ئېشىش سۈرئىتىدىن 32.5 پىرسەنتلىك رەقەم تۆۋەنلەپ كەتتى. 1994-يىلى دۆلەت ئاشلىق قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى زور ھەجىمدە ئۆستۈردى، ئۆستۈرۈش نىسبىتى %30بولدى، بۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ دارامىتى 24 مىليارد يۈەن كۆپەيدى، بىراق بۇنىڭ كۆپ قىسمى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى باھاسىنىڭ ئۆسكەن قىسمىنى تولدۇرۇشقا ئىشلىتىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئەمەلىي دارامىتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئاران 1.8 پىرسەنتلىك رەقەم كۆپەيدى، شۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش سىلىنىمىسىنى زور ھەجىمدە كۆپەيتىش مۇمكىن بولمىدى.

دېھقانلار دارامىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنىڭ ئاستىلاپ كېتىشى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش سىلىنىمىسى

سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىگە بىۋاستە سەۋەب بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخىمۇ مۇھىمى، يېزىلاردا كەسىپلەر ئارا سېلىنما بىلەن ھاسىلات ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەتنىڭ ئۆزگىرىشى ئارقىسىدا، دېھقانلار سېلىنمىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭكىدىن باشقا كەسىپلەرگە سېلىنىش يۈزلىنىشى كۈنسايىن كۈچىيىپ كېتىۋاتىدۇ. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، ئىشلەپچىقارغۇچىلار مەبلەغ سېلىش يۆنىلىشى بىلەن مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنى ھامان ئۆزىنىڭ دارامىتى ئۈستىدىكى مۆلچەرىگە قاراپ بەلگىلەيدۇ. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى تەبىئىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىقتىسادىي تەكرا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈنۈمى سېلىنما بىلەن بىۋاستە باغلىنىشلىق بولۇپلا قالماي، ھاۋا رايى، تۇپراقنىڭ ئۈنۈمدارلىقىغا ئوخشاش تەبىئىي ئامىللارنىڭ چەكلىمىسىگىمۇ ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى بىلەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى ئوتتۇرىسىدا "قايچىسىمان پەرق" مەۋجۇت، شۇڭا، ئوخشاش مەبلەغ يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنسا، ئۇنىڭ ھاسىلاتى سانائەت بىلەن مۇلازىمەتچىلىك كەسىپنىڭكىدىن تۆۋەن بولىدۇ. 1993-يىلى دېھقان ئائىلىلىرى باشقۇرغان 1-، 2-، 3-كەسىپلەردە سېلىنما بىلەن دارامەت ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەت: 1-كەسىپتە 1:1.88، 2-كەسىپتە 1:2.94، 3-كەسىپتە 1:3.94 بولدى. 1-كەسىپنىڭ بىرلىك مەبلىغىنىڭ ئۈنۈمى 2-كەسىپنىڭكىنىڭ ئاران 64 پىرسەنتىگە، 3-كەسىپنىڭكىنىڭ ئاران 50 پىرسەنتىگە توغرا كەلدى. 2-، 3-كەسىپلەرنىڭ بىرقەدەر يۇقىرى ئۈنۈمى بارغانسېرى كۆپ دېھقان ئائىلىلىرىنى شۇ كەسىپلەرگە مەبلەغ سېلىشقا ۋە ئەمگەك سەرپ قىلىشقا جەلپ قىلدى. يېزىلاردىكى كەسىپلەر ئارا سېلىنما بىلەن ھاسىلات ئۈنۈمىدىكى ئۆزگىرىش دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېلىنمىسىنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىۋەتتى، سېلىنما ئەسلىدىلا كېمىيىپ كەتكەن ئەھۋالدا، دېھقانلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە بولۇپمۇ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشقا سالىدىغان سېلىنمىنىڭ يەنىمۇ تۆۋەنلەپ كېتىشى يېزا ئىگىلىكىنىڭ نورمال تەرەققىي قىلىشىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى.

دېھقانلار دارامىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنىڭ ئاستا بولۇپ قېلىشى پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل راۋاجلىنىشىغىمۇ ناھايىتى يامان تەسىر كۆرسەتتى. 1989-يىلدىن 1991-يىلغىچە بولغان ئۈچ يىلدا، مەملىكەت بويىچە دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى چىقىمى يىلىغا ئاران يەتتە فوڭدىن كۆپەيدى، بەزى جايلاردا ھەتتا دېھقانلارنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەنلەپ كەتتى. بۇ ھال يېزىلاردىكى ئىستېمال بۇيۇملىرى بازارلىرىنىڭ كېڭىيىشىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسەتتى، بۇنىڭ بىلەن يېزىلاردا ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسىنىڭ پۈتۈن جەمئىيەتتىكى بازارلاردا تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى ئىچىدە ئىگىلەيدىغان ئۈلۈشى زور ھەجىمدە تۆۋەنلەپ كەتتى، شەھەرلەردىكى ئېھتىياجنى ئاساسەن قاندۇرغان بەزى چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىنى كۆپلەپ يېزا بازارلىرىغا سېلىش مۇمكىن بولمىدى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دېھقانلار جەمئىي 80 مىليارد يۈەنلىك تاۋارنى ئاز سېتىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن يېنىك سانائەت بازارلىرى پەيدىنپەي كاساتلىشىپ كېتىدىغان ئەھۋالغا

دۆچ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى تۇراقلىق مۈلۈكنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن قىلغان ئوتتۇرىچە چىقىمى، باھا ئۆسۈش ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، مۇشۇ ئۈچ يىلدا 1988-يىلدىكىدىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا 22.2%، 35.4% ۋە 18.2% ئەتراپىدا كېمىيىپ كەتتى. دېھقانلار-نىڭ خىمىيۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىسى، سۇلياۋ يوپۇق قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان چىقىمىنىڭ ئازىيىپ كېتىشى يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان سانائەتنىڭ ئىزچىل تەرەققىي قىلىشىنى قاتتىق چەكلەپ قويىدى.

## 2

يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ھاياتىغا ۋە پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىگە شۇ قەدەر مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدىغان دېھقانلار دارامىتىنىڭ زور ھەجىمدە ئاشماسلىقىدىكى قىيىن نۇقتا نېمە؟

بىرىنچى، ھەددىدىن تاشقىرى جىق ئاھالە چەكلىك يېزا ئىگىلىك بايلىقىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتىدۇ. ھازىر دۆلىتىمىزدە 1 مىليارد 200 مىليون ئاھالە بار، تېرىلغۇ يەر بولسا 1 مىليارد 500 مىليون موغا يەتمەيدۇ، كىشى بېشىغا ئاران بىر مودىن كۆپرەك يەر توغرا كېلىدۇ. تېخىمۇ ئېغىرى شۇكى، بىر تەرەپتىن، ئاھالە يەنە داۋاملىق كۆپىيىۋاتىدۇ، ئاھالىنىڭ يىللىق كۆپىيىش مىقدارى 13 مىليوندىن ئارتۇق بولۇۋاتىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، تېرىلغۇ يەرنىڭ ئازىيىش سۈرئىتى تېزلىشىۋاتىدۇ، تېرىلغۇ يەرنىڭ يىللىق ئازىيىش مىقدارى 5 مىليون مودىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ، يەنە كېلىپ شەرقىي قىسمىدىكى يۇقىرى ھوسۇللۇق ئېتىزلارنىڭ ئازىيىش سۈرئىتى تېخىمۇ تېز بولۇۋاتىدۇ. ھازىر يېزىلاردا 440 مىليون ئەمگەك كۈچى بار، بۇنىڭ ئىچىدە 110 مىليون ئەمگەك كۈچى 2-ۋە 3-كەسىپلەرگە يۆتكەلدى، 330 مىليون ئەمگەك كۈچى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ، ئارتۇق ئەمگەك كۈچى 120 مىليونغا يېتىدۇ، مۆلچەردىن قارىغاندا، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ئارتۇق ئەمگەك كۈچى 200 مىليوندىن ئېشىپ كېتىدۇ. يېزىلاردا كۆپلىگەن ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى دېھقانلار دارامىتىنىڭ ئېشىشىنى شەكسىز قىيىنلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

ھازىرقى تېخىمۇ گەۋدىلىك مەسىلە شۇكى، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدىن باشقا كەسىپلەرگە يۆتكىلىش سۈرئىتى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئاستىلىشىپ، ئادەم بىلەن يەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بارغانسېرى گەۋدىلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. 80-يىللارنىڭ ئاخىرىدىن بۇيان، يېزا-بازار كارخانىلىرى تاشقى ئامىللىق كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىچكى ئامىللىق كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆتۈشكە باشلىغانلىقتىن، ئەمگەك كۈچىنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى. 1988-يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، 1992-يىلى مەملىكەت بويىچە يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات

قىممىتى بىر قاتلاندى، ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنىڭ سانى ئاران 10.9% ئاشتى، ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ ئېلاستىكلىقى 0.35 تىن 0.13گە چۈشۈپ قالدى. 1988–1991-يىللىرى يېزا دەرىجىلىك ۋە كەنت دەرىجىلىك كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ تۇراقلىق مۈلكى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 18.4% ئاشتى، ھەر 10مىڭ يۈەنلىك مۈلۈك قوبۇل قىلغان ئادەم سانى 1988-يىلى 3.1 بولغان بولسا، 1991-يىلى 1.8گە چۈشۈپ، 42% تۆۋەنلەپ كەتتى. 1984–1988يىللىرى يېزا-بازار كارخانىلىرىغا يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 12 مىليون 600 مىڭ يېزا ئەمگەك كۈچى يۆتكىلىپ تۇرغان بولسا، 1889–1992-يىللىرى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئاران 2مىليون 600مىڭ ئادەم يۆتكەلدى، بۇ ئىلگىرىكىنىڭ پارچە سانىغا تەڭ كېلىدۇ، يېقىنقى ئىككى يىل مابەينىدە، يۆتكەلگەن يېزا ئىگىلىك ئەمگەك كۈچى ئاز-تولا كۆپەيگەن بولسىمۇ، ھەريىلى يەنىلا 6–7 مىليون ئەتراپىدا بولدى، يىلىغا يېڭىدىن كۆپەيگەن ئەمگەك كۈچى بولسا 10مىليوندىن ئېشىپ كەتتى. دېمەك، يېزىلاردىكى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتىكى غايەت زور بېسىمنى قانداق قىلىپ يېنىكلەتىش دېھقانلارنىڭ دارامىتىنى ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى بولۇپلا قالماي، بەلكى يېزىلارنىڭ ھازىرقى تەرەققىياتىدىكى مۇسابىقە خاراكتېرى ئەڭ كۈچلۈك مەسىلىدۇر.

ئىككىنچى، دېھقانلارنىڭ دارامىتىنى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈش يولى بىلەن ئاشۇرۇش ئوبيېكتىپ شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. بىز ئۇزاقتىن بۇيان سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى بىلەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى ئوتتۇرىسىدا ”قايچىسىمان پەرق“نى يولغا قويۇش چارىسى بىلەن سانائەتلىشىش ئۈچۈن جۇغلانما توپلىدۇق؛ سانائەتلىشىش جەھەتتىكى تەرەققىياتقا ئەگىشىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈپ، ”قايچىسىمان پەرق“نى كىچىكلىتىش ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ دارامىتىنى ئاشۇردۇق. بىراق، دۆلىتىمىزدە ئادەم كۆپ، يەر ئاز، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى كىچىك، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەن، ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى يۇقىرى بولغاچقا، نۆۋەتتە ئاشلىق قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى خەلقئارا بازار باھاسىغا يېقىنلاپ قالغان بولسىمۇ، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى يەنىلا بىرقەدەر تۆۋەن. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، بىز ئىنتايىن مۈشكۈل بىر تاللاشقا دۇچ كېلىپ تۇرۇپتىمىز: ئىچكى بازارلارنى ئېچىۋېتىپ، چەت ئەللەرنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىچكى بازارلىرىمىزغا كىرىشىگە يول قويساق، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مۇقىم تۇتۇپ تۇرغىلى بولغىنى بىلەن، يېزا ئىگىلىكىمىز ئېغىر زەربىگە ئۇچرايدۇ، بىرەر تەبىئىي ئاپەتكە ياكى دۇنياۋى ئىقتىسادىي داۋالغۇشقا ئۇچراپلا قالساق، ئىنتايىن خەۋپلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىمىز؛ ئەگەر ئىچكى بازارنى قوغداپ قالساق، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ بارىدۇ-دە، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش سانائىتى، يېنىك سانائەت، ھەتتا ئېغىر سانائەت قاتارلىق تارماقلاردا مەھسۇلاتنىڭ تەننەرخى ئۆسۈپ كېتىدۇ، تەننەرخنىڭ تۇرتكىسى بىلەن، غەيرىي يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى نۆۋەتلىشىپ ئۆسۈپ كېتىدىغان ئەھۋال تۇغۇلىدۇ، بۇ ھال ئاخىرىدا سانائەت مەھسۇلاتلىرى

www.uyghurkitap.com

بىلەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھا پەرقىنىڭ يەنە ئەسلىدىكى ھالەتكە قايتىشىغا سەۋەب بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ دارامىتى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى باھاسىنىڭ ئۆسكەنلىكى ئارقىسىدا كۆپەيمىگەنىنىڭ ئۈستىگە، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىدە داۋالغۇش ۋە تەكشىسىزلىك كېلىپ چىقىدۇ.

يۇقىرىقى ئەھۋالدىن مەلۇمكى، دۆلىتىمىزنىڭ يېزا ئىقتىسادى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. دېھقانلارنىڭ دارامىتىنى ئاشۇرۇشتا تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى كېڭەيتىشكە تايىنىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈشكە تايىنىشقىمۇ بولمايدۇ، بۇ ھال دېھقانلارنىڭ دارامىتىنى زور ھەجىمدە ئاشۇرۇش ۋەزىپىسىنىڭ ئىنتايىن مۇشەققەتلىك بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن.

## 3

دېھقانلارنىڭ دارامىتىنى ئاشۇرۇشتا قىيىنچىلىق بولسىمۇ، دۆلىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك بايلىقى جەھەتتىكى يوشۇرۇن ئىمكانىيەت ناھايىتى زور، يېزىلاردىكى يېزا ئىگىلىكىدىن باشقا كەسىپلەرنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى زور. بىز پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى يۆلەش ۋە قوغداش، يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە دائىر بىر قاتار فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرىدىغان، يېزا ئىگىلىكىنى پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈشنىڭ كۈچىنى ئاشۇرىدىغان، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى ئۈنۈملۈك يۆتكەيدىغانلا بولساق، دېھقانلارنىڭ دارامىتىدىن ئىبارەت ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك بۇ مەسىلىنى پەيدىنپەي ھەل قىلالايمىز.

**بىرىنچى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ پەن-تېخنىكا تەركىبىنى ئۆستۈرۈش دېھقانلارنىڭ دارامىتىنى ئىزچىل ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم يولى.** ھازىر دۆلىتىمىزدە يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكىسىنىڭ مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشتىكى رولى يەنىلا 30%–40% سەۋىيىدە تۇرۇۋاتىدۇ، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە بولسا ئاللىقاچان 60% تىن ئېشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دۆلىتىمىزدە يېزا ئىگىلىكىنىڭ پەن-تېخنىكىلىق زاپىسى كەمچىل، نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئومۇملاشتۇرغان شالغۇت شال، شالغۇت كۆممىقوناقتا ئوخشاش يۇقىرى ھوسۇللۇق، ئەلا سۈپەتلىك، يېڭىلىق خاراكتېرى كۈچلۈك يېڭى سورتلار كەمچىل، يېزا ئىگىلىكىدە مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشتا كۆپ مىقداردىكى خىمىيىۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىسى قاتارلىق ماددىي سېلىنمىغا تايىنىش يولى تۇتۇلۇۋاتىدۇ. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈۋاتقان ئەھۋالدا، مەھسۇلات ئاشسىمۇ كىرىم كۆپەيمەيدىغان ئەھۋال كۆنسايىن گەۋدىلىك بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. شۇڭا، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك تەمىناتى بىلەن دېھقانلارنىڭ دارامىتىنى تەڭ قەدەمدە ئاشۇرۇشنىڭ تۈگۈنى ئىلغار پەن-تېخنىكىغا تايىنىش ئارقىلىق ماددىي سېلىنمىنى مۇناسىپ ئازايتىپ، سېلىنمىنى ئاز سېلىپ، مەھسۇلاتنى كۆپ ئىشلەپچىقىرىش، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇ-

رۇش تەلپىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

كۆپلىگەن سانلىق مەلۇماتلار شۇنى كۆرسەتتىكى، زىرائەتلەرنىڭ سورتىنى ياخشىلاش—تېرىقچىلىقتا سېلىنما بىلەن مەھسۇلاتنىڭ نىسبىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم تەرىپى. مەسىلەن، دۆلىتىمىزنىڭ شال ئىشلەپچىقىرىشىدا پاكار سورت يېتىشتۈرۈش، بىر ھوسۇللۇق شالنى قوش ھوسۇللۇق شالغا ئايلاندۇرۇش، سوقچاق شالغۇت شالنى ئۈچ سىستېما بويىچە يۇرۇشلەشتۈرۈش جەھەتلەردىكى مۇۋەپپەقىيەت ئارقىلىق، شالنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 75 كىلوگرام ئاشتى؛ 12 يىلدىن بۇيان مەملىكەت بويىچە ئومۇملاشتۇرۇلغان كۆلەم 1 مىليارد موغا يېتىپ، ئاشلىق مەھسۇلاتى 50 مىليارد كىلوگرامدىن كۆپرەك ئاشتى؛ يېقىندا، شالنىڭ سۈپەتلىك ئۇرۇقىنى تاللاپ شالغۇتلاشتۇرۇپ يېڭىباشتىن گورۇپپىلاشتۇرۇش جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئارقىسىدا، بىرلىك مەھسۇلات ئومۇمەن 600 كىلوگرامدىن ئاشتى، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 900 كىلوگرامغا يېقىنلاشتى. ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىن ھەر يىلىغا 20 مىليون مو يەرگە ئومۇملاشتۇرۇلدىغان ھەمدە خىمىيۋى ئوغۇت سېلىنمىسى مۇناسىپ كۆپەيتىلىدىغان بولسا، مەھسۇلاتنى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن نەچچە مىليارد كىلوگرام ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

بىز سۈپەتلىك ئۇرۇقلارنى ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە پەرۋىش تېخنىكىسىنى ياخشىلاپ، تەكرار تېرىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. ھېسابلاشتىن قارىغاندا، تەكرار تېرىش كۆرسەتكۈچى ھەر %1 ئاشسا، تېرىلغۇ كۆلىمى يىلىغا 15ـ20 مىليون مو ئاشقانغا باراۋەر بولىدىكەن، بۇنىڭ بىلەن ئاشلىقنى 3 مىليارد 200 مىليون كىلوگرام ئاشۇرغىلى بولىدىكەن. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە مەملىكەت بويىچە تەكرار تېرىش كۆرسەتكۈچىنى %5 كۆپەيتىش ئىمكانىيىتى بار، ئەگەر بىز مۇشۇ ئىمكانىيەتتىن تولۇق پايدىلىنىدىغان بولساق، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنى 10 مىليارد كىلوگرام ئاشۇرالايمىز.

دۆلىتىمىزنىڭ خىمىيۋى ئوغۇت ئىشلىتىش نىسبىتى بىلەن سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى بىر قەدەر تۆۋەن دۆلەت، بۇ نىسبەتلەر تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭكىنىڭ ئاران %50ـ%80 پىرسەنتىگە تەڭ كېلىدۇ. ئەگەر بىز ھېسابلاش ماشىنىسى ۋە يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسىنى قوللىنىپ، تۇپراقنىڭ تەركىبىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ، ئازوت، فوسفور، كالىيلارنىڭ ئەقىلغە مۇۋاپىق ھەم تېجەشلىك نىسبىتىنى بەلگىلەپ چىقىدىغان، شۇنىڭدەك چوڭقۇر ئوغۇتلاش ئۇسۇلىنى يولغا قويىدىغان بولساق، خىمىيۋى ئوغۇتتىن پايدىلىنىش نىسبىتىنى 10 پىرسەنتلىك رەقەم ئاشۇرالايمىز، بۇ مەبلەغ بىلەن ئۈسكۈنىنى كۆپەيتمىگەن ئەھۋالدا ئۆلچەملىك ئوغۇتنى 10 مىليون توننا ئاشۇرغانغا باراۋەر بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ مەبلىغىنى 2 مىليارد يۈەن تېجەپ قالغىلى بولىدۇ.

**ئىككىنچى، ئىشلەپچىقىرىشقا كەڭ يول ئېچىش، دېھقانلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ساھەلىرىنى كېڭەيتىش —بۇ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى مۇقىم ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى.** دۆلىتىمىزنىڭ تېرىلغۇ يەر بايلىقى چەكلىك، دېھقانلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا مەۋقەنى پۈتكۈل دۆلەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

زېمىنى بايلىقى ئۈستىگە قويۇش، يېزا ئىگىلىكىنى ھەر تەرەپلىمە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا چوڭقۇر ۋە كەڭ دائىرىدە يۈرۈش قىلىش لازىم. دۆلىتىمىزدە ھازىر دېھقانچىلىققا باب بوز يەردىن 500 مىليون مو يەر بار، پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاقتىن 4 مىليارد 500 مىليون مو ئوتلاق بار، يەنە ئۆزلەشتۈرۈلمىگەن نۇرغۇن سۇ دائىرىسى ۋە تېيىز دېڭىز ساھىللىرى بار، دېھقانلارنى مەبلەغ ۋە ئەمگەك سەرپ قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرۈش لازىم. بىز جانلىق ئەمگەك جۇغلانمىسى مېخانىزمىنى پەيدىنپەي بەرپا قىلىپ، يەنى كىم مەبلەغ سالسا شۇ بەھرىمەن بولۇش، كىم پايدىلانسا شۇ تولۇقلاش پرىنسىپىنى ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، دېھقانلار سالغان مەبلەغ بىلەن ئەمگەكنى ئۇلارنىڭ كەلگۈسى مەنپەئىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، دېھقانلارنى ھازىرقى جانلىق ئەمگەك سېلىنمىسىنىڭ ئۇلارنىڭ چەكلىك دارامىتىدىن تۆلەيدىغان سېلىق بولماستىن، كېيىنكى چاغلاردا نەپ بېرىدىغان جۇغلانما سېلىنمىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك، شۇنداق قىلساق، دېھقانلارنىڭ سېلىنمىنى كۆپەيتىشتىكى ئاكتىپلىقىنى تۈپتىن ئۇرغىتىپ، پايدىلىنىشقا بولىدىغان مۇشۇ بايلىقلاردىن مەھسۇلات ۋە دارامەت ئالالايمىز.

يېزا ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان، يېزا- بازار كارخانىلىرى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى جەلپ قىلىدىغان، دېھقانلارنىڭ دارامىتىنى كۆپەيتىدىغان مۇھىم يول بولۇپ قالدى، يېزىلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى بايلىق ئەھۋالىدىن ۋە يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات جەھەتتىكى يوشۇرۇن ئىمكانىيىتىدىن قارىغاندا، دېھقانلارنىڭ دارامىتىنى كۆپەيتىشتە يېزا-بازار كارخانىلىرىنى كۆپەيتىشكە بارغانسېرى بەكرەك تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. دەرۋەقە، شۇنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇكى، نۆۋەتتە شەرقىي بويى دېڭىز بويى رايونلىرىدىكى يېزا-بازار كارخانىلىرىدا كاپىتال مەركەزلىشىدىغان يۈزلىنىش بارلىققا كېلىشكە باشلىدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەمگەك كۈچلىرىنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى نىسپىي تۆۋەنلەپ كەتتى. بىز تەرەققىيات يۆنىلىشى بويىچە يېتەكچىلىك قىلىپ، بەزى يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ سەۋىيە، دەرىجە، كۆلەم جەھەتتە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، پەيدىنپەي خەلقئارا بازارغا كىرىشكە تۈرتكە بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەرەققىيات ماكانى ۋە ساھەلىرىنى كېڭەيتىشىمىز كېرەك، شۇنداق قىلغاندا، ئۇلار يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى تېخىمۇ كۆپ قوبۇل قىلىدۇ، دېھقانلارنىڭ دارامىتى ئاشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، يېزا-بازار كارخانىلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتى رايونلار ئارا تولىمۇ تەكشى ئەمەس، ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلارنىڭكى تېخى ناھايىتى ئارقىدا. بىر تەرەپتىن، بۇ دېھقانلارنىڭ دارامىتىنى ئاشۇرۇشقا پايدىسىز، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى قوبۇل قىلىدىغان يوشۇرۇن ئىمكانىيەت، ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلاردىكى يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرگەندە، يېزا ئاھالىسىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتىكى بېسىمنى يېنىكلەتكىلى بولىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي رايونلاردىكى يېزا-بازار

كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، ئۇلارغا مەبلەغ ۋە سىياسەت جەھەتتىن مەدەت بېرىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى، شەرقىي رايونلاردا ئىشقا ئورۇنلاشقان باشقۇرغۇچى خادىملار بىلەن تېخنىك خادىملارنى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلارغا قايتىپ كېلىشكە ئىلھاملاندۇرۇش لازىم.

ئۈچىنچى كەسىپ—ئەمگەكنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان كەسىپ، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرى يۆتكىلىدىغان مۇھىم ساھە، نۆۋەتتە، يېزىلىرىمىزدا ئۈچىنچى كەسىپنىڭ تەرەققىياتى نىسپىي ھالدا ئارقىدا قالدى، بۇنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى شۇكى، يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ رايونلارغا جايلىشىشى بىر قەدەر تارقاق بولغاچقا، يېزا ئىگىلىكىدىن باشقا كەسىپلەرنىڭ مەركەزلىك ئۇنۇمىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۈچىنچى كەسىپنىڭ گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولۇش مۇمكىن بولمايۋاتىدۇ. شۇڭا، مۇۋاپىق جايلاشتۇرۇش، نىسپىي مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ بىر تۇتاش تەرەققىي قىلىشىنى ئالغا سۈرۈپ، نۇرغۇنلىغان كىچىك شەھەر، كىچىك بازارلارنى تەبىئىي يوسۇندا بارلىققا كەلتۈرۈش لازىم. شۇنداق قىلغاندا، يەرنى تېجەش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق ئىمكانىيەت يارىتىلىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى، پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنىڭ مۇۋاپىق مەركەزلىشىشى ئۈچىنچى كەسىپنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا نۇرغۇن پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم دېھقانلارنىڭ يەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، يەرنىڭ كۆلەملىك باشقۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئەمگەك ئۇنۇمدارلىقىنى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

**ئۈچىنچى، دۆلەتنىڭ، جايلارنىڭ ۋە دېھقانلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنما سېلىشىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش لازىم، بۇ—دېھقانلارنىڭ دارامىتىنى ئاشۇرۇشنىڭ ئىشەنچلىك كاپالىتى.**

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەن يېزا ئىگىلىكىنى كۈچەيتىشكە دائىر بىر قاتار كونكرېت تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەسىلەن، ئاشلىق، پاختا تېرىيدىغان 650 چوڭ ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىش، دېھقانچىلىققا ئىشلىتىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ باھاسىنى قەتئىي تىزگىنلەش، ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلاردىكى يېزا-بازار كارخانىلىرىنى يۆلەش ئۈچۈن مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىش، يېزا ئىگىلىك ئىلمىي تەتقىقاتى ئۈچۈن مەبلەغ سېلىشنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، ھازىر يەنە 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىك خام چوتىدا ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنىڭ نىسبىتىنى ئۆستۈرىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. بۇ تەدبىرلەر چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى يېزا ئىگىلىك ئاساسىي مۇئەسسەسەلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ۋە رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، جايلارنىڭ ۋە دېھقانلارنىڭ سېلىنمىسىنى تەڭشەش-تىزگىنلەش ۋە يېتەكلەشتىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر مەركەز ئاجراتقان يېزا ئىگىلىك مەبلىغىنى ئوبدان باشقۇرۇش ۋە جايىدا ئىشلىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەدبىر قوللىنىپ يېزا ئىگىلىك سېلىنمىسىنى

كۆپەيتىشى كېرەك. جېجياڭ، جياڭسۇ قاتارلىق ئۆلكىلەر ئۆزلىرى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات فوندى، سۇچىلىق قۇرۇلۇشى فوندى تەسىس قىلىپ، ئۆلكىگە قاراشلىق كارخانىلار بىلەن يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت كىرىمىدىن بەلگىلىك نىسبەتتى ئاجرىتىپ فوند مەنبەسى قىلىپ، يېزا ئىگىلىك مەبلىغىنى ئۇزاققىچە مۇقىم مەنبە بىلەن تەمىن ئېتىشكە كاپالەتلىك قىلىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش، دېھقانلارنىڭ دارامىتىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن پۇختا ماددىي ئاساس هازىرلاپ بەردى. دېھقانلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە سالغان سېلىنمىسى ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىش-ئىگىلىك باشقۇرۇش خىراجىتى بىلەن تۇراقلىق مۈلۈك سېتىۋېلىش خىراجىتى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ؛ كۆلىمى چوڭراق بولغان يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشى مەبلىغى جەھەتتە، ئاساسەن جانلىق ئەمگەك جۇغلانمىسى شەكلى بىلەن سېلىنما سېلىشقا قاتنىشىش يولى تۇتۇلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە يېزىلاردىكى كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار دېھقانلارنىڭ ئېتىز-ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى ئەمگەك جۇغلانمىسىنى ئەستايىدىل ئوبدان ئۇيۇشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ سېلىنمىنى كۆپەيتىشتىكى ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ مۇقىم، تەگكەش يۈكسىلىشىنى كۈچلۈك راپاس ئىقتىدار بىلەن تەمىن ئېتىشى لازىم.

**تەرجىمە قىلغۇچى: سابىر ئېلى**
**مەسئۇل مۇھەررىر: رىسالەت ئابلا**

www.uyghurkitap.com

ISSN 1006-5857

9 771006 585006 01>

《求是文选》(维吾尔文版) 国外代号：M5—V 刊号：ISSN1006—5857 / CN11—2498/D

邮发代号：2—373 定价：1.80元 邮政编码 100013